# ئىزدىنىش

(تاللانما)

12 1997

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1997-يىل 12-سان

(ئومۇمىي 114-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1997-يىللىق 17-، 19-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى

---

## مۇندەرىجە


شائىلىق نەزەرىيە، ئۇلۇغ بايراق ........................ شىلق بېنسى(2)

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى يېڭىباشتىن تونۇش ۋە توغرا چۈشىنىش كېرەك ........................ جاۋ ياۋ(19)

ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرايلى ........................ ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى(29)

يۇقىرى پەن-تېخنىكا ۋە ئاساسىي پەن ........................ جۇ خېلك(38)


★12-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: CN11-2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)


---

# شانلىق نەزەرىيە، ئۇلۇغ بايراق

شىڭ بېنسى

پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 15-قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك قارارلىرى تاماملانغاندىن كېيىن غەلىبىلىك يېپىلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ئەسىر ئالمىشىش ۋاقتىدا ئېچىلغان، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئۆتكەن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان دەۋر خاراكتېرلىك يىغىن بولۇش سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ. 15-قۇرۇلتايدا بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەر تۈزۈلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم، تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىش، پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ بايرىقى قىلىشنى روشەن ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ — 15-قۇرۇلتاينىڭ جېنى، 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىنىڭمۇ جېنى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقىش پۈتۈن پارتىيىگە، پۈتۈن مەملىكەتكە، پۈتۈن دۇنياغا پارتىيىمىزنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىرادىسىگە قەتئىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇ باشلاپ بەرگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى كېلەر ئەسىرنى نىشانلاپ داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشقا بەل باغلىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## بايراق مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم، بايراق يۆنىلىش دېمەكتۇر، بايراق ئوبراز دېمەكتۇر

يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇرۇنلا: مەسىلەك خۇددى بىر بايراققا ئوخشايدۇ، قانداق نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىش، قانداق بايراقنى كۆتۈرۈش مەسىلىسى پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ھايات-ماماتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان ئىش، دەپ ئېيتقانىدى. پارتىيىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن قارايدىغان بولساق، پارتىيىمىز ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچلاردا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە ئېرىشتى، ئىنتايىن نامرات، ئاجىز بولغان يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق كونا جۇڭگو دەسلەپكى قەدەمدە بېيىغان، گۈللەنگەن سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگوغا ئايلاندى، ھەمدە

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا داۋاملىق چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

پارتىيىمىز قۇرۇلۇشىنىڭ ھارپىسىدا، جۇڭگو جەمئىيىتى جىددىي داۋالغۇش ئىچىدە قالغانىدى. سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىك قىلغان كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب جۇڭگودا بىرنەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ، جۇمھۇرىيەت قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كونا جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت بولۇش خاراكتېرىنى ۋە خەلقنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلمىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاياغلىشىشى جۇڭگوغا ھېچقانداق يورۇقلۇق ئېلىپ كەلمىدى. جاھانگىرلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى پارىژ سۈلھ كېڭىشى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا تاڭغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلىرىدە داۋاملىق چىڭ تۇردى. شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى چىرىكلىك-ئىقتىدارسىزلىقتا چەككە يەتتى، بۇنداق ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىمىغاندا، جۇڭگودىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلغار كىشىلەر تولۇپ-تاشقان ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بىلەن دۆلەتنى قۇتقۇزۇش يولىنى ئىزدىدى. ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكى بولۇشى، بايراق بولۇشى كېرەك ئىدى، ھالبۇكى، ئۇ زامانلاردا ئىدىيىۋى سەپ تولىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى. فېئودالىزم ئىدىيىسىنىڭ قالدۇقلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، بۇرژۇئازىيىنىڭ تۈرلۈك پەلسەپە، ئىجتىمائىيەت تەلىماتلىرى تېز تارقىلىپ كەتكەنىدى، رادىكالىزم ۋېۋىسكىسىنى كۆتۈرۈپ چىققان پىكىر ئېقىملىرى يەنى ھۆكۈمەتسىزلىكتىن گىلد سوتسىيالىزمىغىچە بولغان نەرسىلەر جەمئىيەتنى قاپلاپ كەتكەنىدى. بۇ تەلىمات، پىكىر ئېقىملىرى ئۆزىنى كۆچەپ كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ توغرا يولنى تاللىشىغا تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇناتتى. ئىلغار كىشىلەر قانداق نەزەرىيىنى تاللاش، قانداق بايراقنى كۆتۈرۈش مەسىلىسىدە ئارىسالدىلىق ئىچىدە تېگىرقاپ يۈرۈۋاتقان چاغدا، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى بىزگە ماركسىزمنى ئېلىپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىلغار زاتلارنى ئارىسالدىلىقتىن، تېگىرقاشتىن قۇتۇلدۇردى. لى داجاۋ، چېن دۇشيۇ، ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابىي زىيالىيلار جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ يولىغا مېڭىشتا دېگەن تونۇشقا كەلدى ھەمدە ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنى قۇردى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا دەسلەپتىلا ماركسىزم-لېنىنىزم يېتەكچى قىلىنغان، ماركسىزم-لېنىنىزم بايرىقى كۆتۈرۈلگەن. پارتىيىمىز بەرپا قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىنتايىن گۆدەك بولۇپ، ئىدىيە جەھەتتە، نەزەرىيە جەھەتتە تولۇق تەييارلىق كۆرمىگەن، پىشىپ يېتىلمىگەن پارتىيە ئىدى، لېكىن توغرا بىر نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكى، توغرا بىر بايراقنىڭ يول باشلىشى ئارقىسىدا، ئەمەلىيەتنىڭ سانسىزلىغان سىنىقى ئارقىلىق، پارتىيىمىز ئاخىرى پەيدىنپەي پىشىپ يېتىلدى. يولداش ليۇ شاۋچى مۇنداق دېگەنىدى: جۇڭگو كومپارتىيىسى غەربىي ياۋروپادىكى بەزى پارتىيىلەر بىلەن ئوخشاش ئەمەس، ئۇنىڭ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىگە خاس ئەنئەنىسى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيىمىز دۇنياغا كەلگەن كۈنىدىن باشلاپلا سوتسىيال دېموكراتىزم تۈسىنى ئالغان ئەمەس، ئىسمى جىسمىغا لايىق ماركسىزم-لېنىنىزملىق پارتىيە ئىدى.

قانداق نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىش، قانداق بايراقنى كۆتۈرۈش مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز تەرەققىي قىلىش جەريانىدا يەنە يېڭى مەسىلىگە يولۇقتى، ئۇ بولسىمۇ

ماركسزم-لېنىنزمنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيتى بىلەن بىرلەشتۇرۇش كېرەكمۇ، كېرەك ئەمەسمۇ ۋە ئۇنى قانداق بىرلەشتۇرۇش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. بۇ مەسلىنىڭ ماھىيىتى ماركسزم-لېنىنزمغا قارىتا زادى دوگماتىزم پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش كېرەكمۇ دېگەندىن ئىبارەت. بۇ مەسىلە ئۇستىدىكى كۇرەش ئىككى خىل دۇنيا قاراش، ئىككى خىل ئىدىيىۋى لۇشەننىڭ كۇرىشىدۇر. يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماركسزم-لېنىنزمنى چوقۇم جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيتى بىلەن بىرلەشتۇرۇش كېرەك، ماركسزم-لېنىنزمغا قارىتا چوقۇم ئىجادچانلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش كېرەك دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن ھەم جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۇردى، ھەم ماركسزم-لېنىنزمنى راۋاجلاندۇردى، ئەگەردە يولداش ماۋ زېدۇڭ ماركسزم-لېنىنزمغا قارىتا مۇشۇنداق پوزىتسىيىنى تۇتمىغان بولسا، جۇڭگونىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابى توغرىسىدىكى بىر قاتار يېڭى يەكۇنلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان بولاتتى، يېڭى دېموكراتىزم نەزەرىيىسىنى ۋە مۇشۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدىكى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى شەكىللەندۇرەلمىگەن بولاتتى، پۇتۇن پارتىيىنى ۋە پۇتۇن مەملىكەت خەلقىنى باشلاپ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۇرەلمىگەن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرالمىغان بولاتتى. ماركسزم-لېنىنزمنىڭ جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيتى بىلەن بىرلەشتۇرۇلۇشى جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق تارىخىي سەكرەشنى ۋۇجۇدقا كەلتۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلۇغ نەزەرىيىۋى نەتىجىنى بارلىققا كەلتۇردى، بۇ نەتىجە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ئىبارەت. پۇتۇن پارتىيە ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەتنى باشتىن كەچۇرۇش ئارقىلىق ئاخىرى شۇنى تونۇپ يەتتىكى، جۇڭگو ئىنقىلابى شارائىتىدا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئۆزىلا ماركسىم-لېنىنزمدا ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق بولىدۇ. پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 7-قۇرۇلتىيىدا، پارتىيىمىز يەنە ماركسزم-لېنىنزمنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيتى بىلەن بىرلەشتۇرگەن ئىدىيە—ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆزىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ تىكلىدى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ماركسزم-لېنىنزم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋارىسلىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ ھەم ماركسزم-لېنىنزمنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى، ھەم ماركسزم-لېنىنزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيتى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ئىجادىي يوسۇندا راۋاجلاندۇردى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى—جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قولغا كەلتۇرۇشكە ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگونى بەرپا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلغان بىردىنبىر توغرا نەزەرىيىدۇر.

دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە ماركسزمنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيتى بىلەن بىرلەشتۇرۇش مەسلىسى بار دېسەك، ئۇنداقتا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدە ماركسزمنى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيتى بىلەن بىرلەشتۇرۇش مەسلىسى بولىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ ئالدىنقى بىرلەشتۇرۇشنىڭ ئۇلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ، لېكىن كېيىنكى بىرلەشتۇرۇشتە بولسا سەۋەنلىك ئۆتكۇزۇپ قويدى. بۇنىڭ تۇپ مەنبەسى ئۇنىڭ سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن تۇپ نەزەرىيىۋى مەسلىنى تازا ئېنىق تونۇيالمىغانلىقىدا. شۇڭا ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىس-

تنىڭ ئۆزگەرتىش ئىشلىرى ئاساسەن تاماملانغان، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغان شارائىتتا، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش يولىغا ئۆز ۋاقتىدا يۆتكىيەلمىگەن، ئۆزىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، مەملىكىتىمىزنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە قارىتالمىغان. ئەكسىچە كەڭ كۆلەملىك شىددەتلىك ئاممىۋى سىنىپىي كۈرەش ئاياغلاشقان، سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتى پەسىيىشكە يۈزلەنگەن ۋاقىتتا، ئۇ يەنىلا سىنىپىي كۈرەشنى پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزى قىلغان، بۇ خىل خاتالىق داۋاملىق ئەۋج ئېلىپ، ئاخىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن ئىبارەت تارىخىي زور ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يولداش ماۋ زېدۇڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن ئەمەس، لېكىن ئۇ نەزەرىيە جەھەتتە توغرا يولدىن چەتلەپ كەتكەن. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم دېگەن قانۇنىيەتكە سەل قاراپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە بولغان ئەكس تەسىرىنى ھەددىن تەكىتلەپ كەتكەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ھەمىشە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئومۇملۇق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەكىتلىگەن. نەتىجىدە ئىش ئويلىغان يەردىن چىقمىغان. ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە قارىتا ئىنتايىن زور ۋەيرانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، خەلق گۇڭشېسى دېگەنگە ئوخشاش چەكتىن ئاشقان ئىشلار ئۇنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە توغرا يولدىن چەتلەپ كەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىر سىستېما دەپ ھېسابلانغاندا يەنىلا توغرا. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى خاتالىقنى باھانە قىلىپ بۇ سىستېمىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ھەرقاندىقى توغرا ئەمەس. ئەمما شۇنى يوشۇرۇش ھاجەتسىزكى، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى خاتالىقى قانداقلا بولمىسۇن ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا توسالغۇ بولغان.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە راۋاجلاندۇرغانلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى. ئۇ پارتىيىمىزنىڭ 1957-يىلدىن كېيىنكى ئاز كەم 20 يىللىق ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش شۇئارىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويدى. قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش مۇنداق ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئۇ ھەم ماركسىزمنىڭ بۇرمىلانغان مەزمۇنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، ھەم جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ ماركسىزمنىڭ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدىغان ئايرىم يەكۈنلىرىنى تۈزىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىزنىڭ ئىلگىرى سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىنى تازا ئېنىق تونۇيالمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ماركسىزمنى يېڭىباشتىن تونۇش، سوتسىيالىزمنى يېڭىباشتىن تونۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلىشنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا دائىر

نەزەرىيە، لۇشيەن ۋە بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى بولغان مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈردى. 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ”ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولغان دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى—جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان توغرا نەزەرىيە. ھازىرقى جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى باشقا نەزەرىيە بىلەن ئەمەس، ماركسىزم بىلەن ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.“ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ۋە 12-قۇرۇلتاي، 13-قۇرۇلتاي، بولۇپمۇ 14-قۇرۇلتاي ئاساسىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 15-قۇرۇلتايغا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولغان دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆزىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ تىكلەش ھەمدە پارتىيە نىزامنامىسىگە يېزىپ كىرگۈزۈشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەنتەنىلىك بەلگىلەش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. بۇ پارتىيىمىز ئاز كەم 20 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى ئاساسىدا، ئەسىر ئالمىشىۋاتقان پەيتتە بەلگىلىگەن تارىخىي تەدبىردۇر.

پارتىيىمىزنىڭ تارىخىدا، ئوخشاش بولمىغان ئۈچ تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ ئۈچلىسىدە ئۆزىنىڭ يېتەكچى نەزەرىيىسى، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقى بولغان، بۇ—پارتىيىمىزنىڭ شان-شەرىپى، پارتىيىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى، شۇنداقلا پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قازىنىشىنىڭ كاپالىتى. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىرلىككە كەلگەن بىر ئىلمىي سىستېما، ئۇلارنى ئايرىۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى جۇڭگو سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى يولنى ئاچتى، جۇڭگونىڭ 20-ئەسىردىكى تارىخىي خاراكتېرلىك ئۈچىنچى قېتىملىق زور ئۆزگىرىشىنى ئالغا سۈردى، ھەمدە نەزەرىيە جەھەتتە يېڭى يەكۈنلەرنى چىقاردى. 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ”دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى—زامانىمىزدىكى جۇڭگو ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى راۋاجىنىڭ يېڭى باسقۇچى.“

ھازىر يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزدىن ئايرىلدى. ئەمما ئۇ باشلاپ بەرگەن ئىشلار، ئۇ ياراتقان نەزەرىيە، ئۇ بەلگىلەپ بەرگەن لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزگەرگىنى يوق، بۇندىن كېيىنمۇ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قاراپ قەدەم تاشلاپ، باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش—مانا بۇ جۇڭگونىڭ 21-ئەسىردىكى تەرەققىيات يۆنىلىشى، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەسىر ئالمىشىشتا پۈتۈن دۇنياغا نامايان قىلغان روشەن ئوبرازىدۇر.

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى—ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى راۋاجىنىڭ يېڭى باسقۇچى

زامانىمىزدىكى جۇڭگو ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى راۋاجىنىڭ يېڭى باسقۇچى دەپ ھېسابلانغان دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى زادى قايسى ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ بۇنىڭغا قارىتا 15-قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدا ئىلمىي جاۋاب بېرىلدى.

بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، يېڭى ئەمەلىيەت ئاساسىدا، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ھەم كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش—ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ جەۋھىرى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭمۇ جەۋھىرى. بىز «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى توملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەنسەك، بۇ ئەسەرلەرگە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قىزىل يىپنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىكەنلىكىنى بايقىۋالالايمىز. بۇ—دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى، شۇنداقلا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭمۇ پەلسەپىۋى ئاساسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان بەلگىلىگەن بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرگە نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش بىلەن زىچ باغلانغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش يولى تۇتۇلمىغان بولسا، ئومۇمىي دائىرىلىك قالايمىقانچىلىقنى تۈزىتىپ نورمال ھالەتكە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش يولى تۇتۇلمىغان بولسا، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش يولى تۇتۇلمىغان بولسا، ماركسىزمنى يېڭىباشتىن تونۇش، سوتسىيالىزمنى يېڭىباشتىن تونۇش مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، بىز ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز دېگەن يەكۈننىڭ چىقىرىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش يولى تۇتۇلمىغان بولسا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى نىشان قىلغان ئىسلاھات ئەندىزىسىنىڭ بەلگىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قىسقىسى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش يولى تۇتۇلمىغان بولسا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ۋە مۇشۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ جەۋھىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى بىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىمىزدىكى قوللانما قىلىشىمىز كېرەك. يېڭى ئەسىرگە قەدەم تاشلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، بىز ھېچقاچان دۇچ كەلمىگەن نۇرغۇن

يېڭى، مۇشكۇل مەسىلىلەر ئالدىدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىزدىن ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش قەتئىيلىكى ۋە ئاكتىپلىقىنى ئۈستۈرۈپ، ھەممىدە سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىق، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىق، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقنى تۈپ ھۆكۈم ئۆلچىمى قىلىپ، ئىشلىرىمىزدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

ئىككىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى بىلەن سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن تۈپ مەسىلىنى چىڭ تۇتۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى، سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشنى يېڭى، ئىلمىي سەۋىيىگە كۆتۈردى. ماركسىزم تەرەققىي قىلىپ بارىدىغان، كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە پەندۇر. ئۇنىڭدا سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى كۆرسىتىلگەن، ئەمما سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ كونكرېت شەكلى ۋە جەريانى قېلىپلاشتۇرۇلمىغان. ئەمەلىيەت ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى تەجرىبىلەرنى يارىتىپ ھەممە نەزەرىيە جەھەتتە يېڭى يەكۈنلەرنى چىقىرىپ، ماركسىزمنى ئالغا سىلجىتىشقا توغرا كېلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ دەل شۇنداق قىلغان.

سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى بايانلار دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنىڭغا چېتىلىدىغان تەرەپلەر ئىنتايىن كەڭ، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى نېمە، دۆلىتىمىز ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ قايسى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، سوتسىيالىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەكمۇ، كېرەك ئەمەسمۇ ۋە قانداق مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، سوتسىيالىزم بىلەن بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى زادى قانداق، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى نېمە دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. مۇشۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمدىن، ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن چەتلىگەن ئەمەس، يەنە كېلىپ ئەجداتلىرىمىز قىلىپ باقمىغان يېڭى سۆزلەرنى قىلغان.

بىزنىڭ ئىلگىرى سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى نېمە دېگەن مەسىلىگە قارىتا مۇجمەل تونۇشتا بولغانلىقىمىزنى نەزەردە تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىش-راۋاجلانماسلىقى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ ۋە خەلق تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش-كۆتۈرۈلمەسلىكىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ مۇستەھكەملىنىش-مۇستەھكەملىنەلمەسلىكىگە، راۋاجلىنىش-راۋاجلانماسلىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يولداش دېڭ شياۋپىڭ قايتا-قايتا شۇنى تەكىتلىدىكى، بۇ مەسىلىنى قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇش كېرەك، قەيسەر بولۇش كېرەك، قىلچە ئىككىلىنىشكە ۋە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈش —بۇ پۈتكۈل ئىشلىرىمىز تەرەققىياتىنىڭ ماددىي ئاساسى، بۇ قىسقا مۇددەتلىك ۋەزىپە بولماستىن، بەلكى

سوتسىيالىستىك تارىخىي باسقۇچتا ئىزچىللىشىپ بارىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك بىر ۋەزىپە.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، ئەمما دۆلىتىمىزنىڭ ئەسلىدىكى ئاساسى تولىمۇ ئاجىز بولغاچقا، بىز نامرات، قالاق ھالىتىمىزدىن تامامەن قۇتۇلۇپ كەتكىنىمىز يوق، دۆلىتىمىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. دەسلەپكى باسقۇچ دېمەك تەرەققىي تاپمىغان باسقۇچ دېمەكتۇر. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىي تاپمىغان باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بەرگەندە، بىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزگەندە مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدىن ھالقىيدىغان ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلماسلىقىمىزغا پايدىلىق، دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېگەن نۇقتىئىنەزەر بىلەن مەسىلىنى كۆزەتكەندە، ئالدىراقسانلىق كەيپىياتىنى تۈگىتىشكە پايدىلىق، «سول»چىللىق ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، خىزمەتلىرىمىزنى تېخىمۇ پۇختا ئاساسقا قويۇشقا پايدىلىق. مەسىلەن، مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى مەسىلىسىدە، بىز ھەم ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىدا تۇرۇشى كېرەكلىكىنى كۆرۈشى-مىز لازىم، بۇنى دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن؛ ھەم ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىدا تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرۈشىمىز لازىم، بۇنى دۆلىتىمىزنىڭ يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىق بەلگىلىگەن. بۇ مەسىلىگە قاراشتا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ماسلىشىشى كېرەك دېگەن ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمىساق، تارىخىي خاراكتېرلىك خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىمىز. يەنە مەسىلەن، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىككە قاراشتىمۇ جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىشىمىز كېرەك، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى ئىكەنلىكىنىلا كۆرۈپ قالماستىن، بەلكى كوللېكتىپ ئىگىلىك، ئارىلاشما مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ دۆلەت ئىگىدارلىقى تەركىبى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىدارلىقى تەركىبىنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىگە تەۋە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك-نىڭ ئاساسىي گەۋدە بولۇشى دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ سالمىقىنىڭ قانچە يۇقىرى بولسا شۇنچە ياخشى بولۇشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچى رول ئوينىشى ئاساسەن تىزگىنلەش كۈچىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلىگە مۇشۇنداق قارىغاندىلا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان يەكۈننى چىقىرالايمىز. 13-قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بايان قىلىپ ئۆتۈل-گەنىدى، ھازىر 15-قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدا بۇ مەسىلىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشتىن مەقسەت پۈتۈن پارتىيىنى دۆلىتىمىزنىڭ بۇ ئاساسىي ئەھۋالىنى چوقۇم مەھكەم ئىگەللەش لازىملىقىنى، مەسىلىلەرنى ئويلاش، ئەقىل كۆرسىتىش، چارە تېپىش، سىياسەت بەلگىلەش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە دۆلىتىمىزنىڭ بۇ ئاساسىي ئەھۋالىدىن چەتلەپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەكمۇ-يوق ۋە قانداق مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك

دېگەن مەسىلە توغرىسىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېنىق جاۋاب بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوتسىيالىزمدا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇستقۇرۇلمىنىڭ بەزى تەرەپلىرىدە تېخى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان بەزى ئامىللار مەۋجۇت بولغاچقا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش زۆرۈر. مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ يولى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇر مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ بىر قېتىملىق ئىنقىلابتىن باشقا نەرسە ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ مەقسىتى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇۋېتىش بولماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇزاق مەزگىلدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولغان بېكىنمىلىك ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق چەت ئەلدىن مەبلەغ، ئىلغار پەن-تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى كىرگۈزۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشمۇ بىر خىل ئىسلاھات. يولداش دېڭ شياۋپىڭ، تەرەققىيات—چىڭ قائىدە، دەپ كۆرسەتتى. جۇڭگونىڭ بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىشتا، ئىسلاھات بولسا تەرەققىياتنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسى، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن-دىن بۇيان، بىز غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، بىز ئىشىنىمىزكى، مۇشۇ يولنى بويلاپ ماڭىدىغانلا بولساق، چوقۇم داۋاملىق ھالدا شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىپ، تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

ئۇزاقتىن بۇيان، بىز سوتسىيالىزمدا بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولامدۇ-يوق دېگەن مەسىلىدە مۇجمەل قاراشتا بولۇپ، ھەمىشە بازار ئىگىلىكى دېگەن كاپىتالىزمنىڭ نەرسىسى، ئۇ سوتسىيالىزم بىلەن ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدۇ، دەپ قاراپ كەلگەنىدۇق. بۇ مۇجمەل قاراشنى كۆزدە تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ: پىلان بىلەن بازار ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ماھىيىتىگە چېتىشلىق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى پەقەت بىر خىل ۋاستە، بايلىقنى تەقسىملەشتىكى ئىككى خىل ئوخشىمىغان شەكىلدىنلا ئىبارەت، شۇڭا، بازار ئىگىلىكى بىلەن كاپىتالىزمنى ئوخشاش قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ، بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسا بولىدۇ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسىمۇ بولىدۇ، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يەردە يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىر خىل كونكرېت خاتا تونۇشنى تۈزىتىپلا قالماي، بەلكى بىر خىل ئىلمىي بولمىغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى يەنى كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كاپىتالىزم ماھىيىتىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدىغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىمۇ تۈزەتتى. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھەقىقەتەنمۇ كاپىتالىزم-نىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، لېكىن كاپىتالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بەرمەيدىغان نەرسىلەرمۇ بار. بازار ئىگىلىكى بۇنىڭ بىرى، پاي تۈزۈمىمۇ بۇنىڭ بىرى. بەزىلەر پاي تۈزۈمىنىمۇ كاپىتالىزم بىلەن قاتار قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پاي تۈزۈمى زامانىۋى كارخانىنىڭ بىرخىل كاپىتال توپلاش شەكلى بولۇپ، ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىشقا پايدىلىق، كارخانىنىڭ ۋە

كاپىتالنىڭ ئىشقا سېلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق، بۇ تۈزۈم كاپىتالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسا بولىدۇ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. پاي تۈزۈمى تومتاقلا ئومۇمغا خاس ياكى خۇسۇسىيغا خاس دېيىلسە بولمايدۇ، بۇنىڭدا مۇھىمى پاي چېكىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنىڭ كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە قاراش كېرەك. بۇ خىل پاي چېكىنى تىزگىنلەش ھوقۇقى قۇرۇق نەرسە بولماستىن، بەلكى ئۇ كارخانىنىڭ ئاساسلىق كادىرلىرى، مۈلۈك تاپاۋىتى تەقسىماتى ۋە چوڭ-چوڭ تەدبىرلەرنى بەلگىلەش ئۈستىدىكى ئەمەلىي تىزگىنلەش ھوقۇقىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش ئاساسىدا، دۆلەت ۋە كوللېكتىپ پايغا كىرىش ئارقىلىق پاي شىركىتىنى تىزگىنلىسە بولىدۇ. پاي چېكىنى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ تىزگىنلىگەن بولسا، روشەن دەرىجىدە ئومۇم ئىگىدارلىق قىلىش خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ، بۇ ئومۇم ئىلكىدىكى كاپىتالنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك رولىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق. نۆۋەتتە، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىمۇ مۇكەممەللىشىۋاتىدۇ. ئىلگىرىلەش يولىدا يەنىلا ئاز بولمىغان قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ، بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە كۆرسىتىلگەن يۆنىلىشنى بويلاپ ماڭىدىغانلا بولساق، چوقۇم يېڭى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشەلەيمىز.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى بىر قاتار بايانلىرىنى ئاخىرقى ھېسابتا سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى خۇلاسىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ خۇلاسە: "سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىش" دېگەندىن ئىبارەت. بۇ خۇلاسە ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ بۇرۇنقى سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى ئەتراپلىق، توغرا بولمىغان تونۇشىمىزنى تۈزەتتى. بىر چاغلاردا كىشىلەر، پەقەت ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئورنىتىلسا، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورىسى ئورنىتىلسا، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلسىلا، سېپى ئۆزىدىن بولغان سوتسىيالىزم قۇرۇلغان بولىدۇ، دەپ قارايتتى. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ زور، زور ئەمەسلىكى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ باياشات، باياشات ئەمەسلىكى بولسا تىلغا ئېلىنمايتتى. سوتسىيالىزمغا بولغان بۇ خىل تونۇش بىزگە كۆپ يىل تەسىرىنى كۆرسەتتى. بۇ خىل تونۇش توغرىمۇ-يوق؟ بۇنى ھېچ بولمىغاندا ئەتراپلىق ئەمەس دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى بۇ قاراشتا مۇنداق بىر نۇقتا نەزەرگە ئېلىنمىغان: بىر سوتسىيالىستىك دۆلەتتە ئەگەر ئىقتىساد ئارقىدا بولسا، خەلق نامرات بولسا، ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىش ناھايىتى تەس بولىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندا ئۇنى ھېچ بولمىغاندا مۇكەممەل سوتسىيالىزم دېگىلى بولمايدۇ. بۇرۇنقى مۇجمەل قاراشنى كۆزدە تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ "نامراتلىق سوتسىيالىزم ئەمەس" دەپ كەسكىن ئوتتۇرىغا قويدى. سوتسىيالىستىك جەمئىيەت باياشات جەمئىيەت بولۇشى لازىم، باياشاتلىقنى تەكىتلەشتىن قورقماسلىق لازىم. چۈنكى بىز تەكىتلەۋاتقان باياشاتلىق كاپىتالىزمدىكىدەك ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ باياشاتلىقى بولماستىن، بەلكى خەلقنىڭ ئورتاق باياشاتلىقىدىن ئىبارەت. بۇ خىل باياشاتلىقنى

ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جەھەتتىن شەرت-شارائىت يارىتىش، يەنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم؛ ھەم ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتىن شەرت-شارائىت يارىتىش، يەنى ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى بايانى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا چىقىرىلغان زور نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلمىي خۇلاسىدۇر. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۈگۈندىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك زامانىۋلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەمەلىيىتىدە، بۇ مەسىلىنى داۋاملىق ھالدا چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى دۇنيانى ماركسىزمچە كەڭ نەزەر بىلەن كۆزىتىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ھازىرقى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن ئومۇمىي خەلقئارا ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ يېڭى ئىلمىي ھۆكۈم چىقاردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ نۆۋەتتىكى دۇنيا ۋەزىيىتى ئۈستىدىكى ئاساسىي مۆلچەرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات بۈگۈنكى دەۋرنىڭ تېمىسى بولۇپ قالدى. ھازىر دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ، دۇنيادىكى ھەر خىل كۈچلەر يېڭىدىن بۆلۈنۈش ۋە بىرىكىش ئەھۋالى بارلىققا كەلدى. كۆپ قۇتۇپلىشىش يۈزلىنىشىنىڭ ئەۋج ئېلىشى دۇنيانىڭ تىنچلىقىغا، مۇقىملىقىغا ۋە گۈللىنىشىگە پايدىلىق. ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ بىر-بىرىگە باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىش، دوستانە بىللە ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىش ساداسى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيمەكتە. زومىگەرلىك، زوراۋانلىق سىياسىتىنىڭ تەھدىتى گەرچە ھېلىھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئامىلى ئۈزلۈكسىز كۈچەيمەكتە، بىرقەدەر ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە خەلقئارا تىنچ مۇھىتنى ساقلاشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. بۇ ھال بىزنى تەرەققىياتنى تېزلىتىشنىڭ ئىنتايىن ياخشى پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىچى بولۇشقا مۇناسىپ، ئۇ ھەمىشە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى خەلقئارا چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە قويۇپ مۇھاكىمە قىلاتتى، ھەمىشە ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى دۇنيا ۋەزىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلىناتتى. خەلقئارا ۋەزىيەتتە تويۇقسىز ئۆزگىرىش بولۇپ، تاسادىپىي ۋەقە كۆرۈلگەندە، ئۇ پۈتۈن پارتىيىنى سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ، سالماقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، ۋاقىتلىق ھادىسىلەر تەرىپىدىن ئېزىپ كەتمەسلىك كېرەكلىكىنى، بىر مەھەللىك شاۋقۇن-سۈرەننىڭ يۈز بېرىشى بىلەن تىنچلىق بىلەن تەرەققىياتتىن ئىبارەت دەۋرنىڭ بۇ ئەڭ كۈچلۈك ساداسىنى ئاڭلىيالماي قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى ئاگاھلاندۇردى. ئۇ يەنە پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى ئۆز كۈچىمىزنى كۆز-كۆز قىلماسلىقنى، ھالىمىزغا بېقىپ ئىش كۆرۈشنى، باشلامچى، بايراقدار بولماسلىقنى، خەقنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلماسلىقنى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەشنى ئاگاھلاندۇردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دۇنيا ۋەزىيىتى ھەققىدىكى توغرا تەھلىلى ۋە ئىلمىي ھۆكۈمى مەملىكىتىمىزنىڭ مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىگە نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپلا قالماي، بەلكى بىزنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىشىمىز ئۈچۈن يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەردى.

تۆتىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرىنى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى سوتسىيالىزم تەرەققىياتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن تارىخىي تەجرىبىلەرنى، خەلقئارا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پارتىيىنىڭ "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا" دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىلمىي سىستېمىكى، ئۇ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگو سوتسىيالىزمىنىڭ تەرەققىيات يولى، تەرەققىيات باسقۇچى، تۈپ ۋەزىپىسى، تەرەققىيات تۈرتكىسى، تاشقى شارائىتى، سىياسىي كاپالىتى، ئىستراتېگىيىلىك قەدەم-باسقۇچى، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە تايىنىش كۈچى ھەم ۋەتەننىڭ بىرلىككە ئوخشاش بىر قاتار چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى تۇنجى قېتىم دەسلەپكى قەدەمدە بىرقەدەر سىستېمىلىق ھەل قىلدى، ئۇ پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزم قاتارلىق بىرقانچە ئىلمىي ساھەگە سىڭدۈرۈلگەن، ئىقتىساد، سىياسەت، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، مىللىي ئىشلار، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلۈك تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. نەزەرىيە بەرپا قىلىش دېگەن نېمە، ئىلمىي سىستېمىنى شەكىللەندۈرۈش دېگەن نېمە، جۇڭگودەك بۇنداق ئىقتىساد، مەدەنىيىتى بىرقەدەر ئارقىدا قالغان دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، قانداق مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرگە تۇنجى قېتىم بىرقەدەر سىستېمىلىق ھالدا جاۋاب بېرىشنىڭ ئۆزى نەزەرىيە بەرپا قىلغانلىق، ئىلمىي سىستېمىنى شەكىللەندۈرگەنلىك بولىدۇ. ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش داۋامىدا چالا ئەمەس، بەلكى سىستېمىلىق جاۋاب بېرىش، قىسمەن مەسىلىلەرگە ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى ساھەلەرگە چېتىشلىق بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش—مانا بۇ نەزەرىيە بەرپا قىلغانلىق، ئىلمىي سىستېمىنى شەكىللەندۈرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

نەزەرىيە بەرپا قىلىش، ئىلمىي سىستېمىنى شەكىللەندۈرۈش دېگەنلىك يېڭى ئىدىيە، كۆزقاراش بىلەن ماركسىزمغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ۋاز كېچىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، ۋاز كەچكەندە، تۈپ ئاساستىن ئايرىلىپ قالىمىز، ئۇنداق قىلىش پۈتۈنلەي خاتا، ئۇ بىزنى خاتا يولغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چوقۇم ھازىرقى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، ھازىر ئىشلەۋاتقان ئىشلىرىمىزنى مەركەز قىلىشىمىز، ماركسىزملىق نەزەرىيىنى تەتقىق قىلىشنى كۆزدە تۇتۇشىمىز، ئەمەلىي مەسىلە ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈشنى كۆزدە تۇتۇشىمىز، يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتۇشىمىز لازىم. مانا بۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى مەنزىل ئېچىپ، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى راۋاجىنىڭ يېڭى باسقۇچى بولۇپ قېلىشىدىكى تۈپ سەۋەبتۇر.

## دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش— ئىشلىرىمىزنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ تۈپ كاپالىتى

ھازىر بىز ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە تۇرۇۋاتىمىز، 21-ئەسىر بىزگە يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. كېيىنكى ئەسىردە بىز بىر قاتار سىناقلارغا دۇچ كېلىش بىلەن بىرگە، تۈرلۈك پۇرسەتلەرگىمۇ ئىگە بولىمىز. سىناق بىلەن پۇرسەت بىللە مەۋجۇت بولىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى يېڭى ئەسىردە يېڭى سىناقلارنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ.

21-ئەسىردە، بىز قانداق قىلغاندا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ۋە ئابرۇيىنى كۈندىن-كۈنگە ئۆستۈرەلەيمىز؟ ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى شۇكى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، ۋەزىيەتتە ھەرقانچە ئۆزگىرىش بولسىمۇ، تەۋرەنمەي مەزمۇت تۇرۇشىمىز لازىم. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزدىكى يول كۆرسەتكۈچ بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىشلىرىمىزنىڭ تۈۋرۈكىدۇر.

ئىشلىرىمىزنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تەلىپى بويىچە باشتىن-ئاخىر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى دەپ بىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركىزىي ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم. مەيلى قانداق ۋەقە يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ نۇقتىدىن ھەرگىزمۇ تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. پەقەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ياخشى ئېلىپ بېرىلغاندىلا، ئاندىن بىز كېيىنكى ئەسىردە دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رىقابىتىنى كۆتۈۋېلىشتا دەسمايىگە ئىگە بولالايمىز. يەنە كېلىپ پەقەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ياخشى ئېلىپ بېرىلغاندىلا، ئاندىن پارتىيىمىز تېخىمۇ چوڭ جەلپ قىلىش كۈچى ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولالايدۇ، ئاندىن خەلق ئاممىسى بىزنى ھىمايە قىلىدۇ، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزمۇ كۈچلۈك ئارقا تىرەككە ئىگە بولالايدۇ.

ئىشلىرىمىزنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاۋاتىدۇ، كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئىلگىرىلەشنەرگە ئېرىشتى، لېكىن بىرمۇنچە مەسىلىلەرگىمۇ يولۇقتى. دۆلەت كارخانىلىرى خەلق ئىگىلىكىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاش-ياخشىلىيالماسلىق ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۆلەت كارخانىلىرى سوتسىيالىستىك بازارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، دۆلەت كارخانىلىرى ياخشىلانمىسا، مۇقەررەر ھالدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى بىر قاتار فاڭجېنلىرىنى، يەنى پۈتكۈل دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاشنى كۆزدە تۇتۇپ، چوڭلىرىنى ئوبدان تۇتۇش، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىش؛ دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش يولىنى تۇتۇپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، سىستېما بىلەن رايونلار بۆلۈپ تاشلىنىش ھالىتىنى

بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇزاقتىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ”چوڭ ھەم مۇكەممەل بولۇش“، ”كىچىك ھەم مۇكەممەل بولۇش“ ۋە ئورۇنسىز تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش مەسىلىلىرىنى ھەققىي ھەل قىلىش؛ كاپىتالنى ۋاستە قىلىپ، بازار ئارقىلىق رايون ھالقىپ، كەسىپ ھالىپ، مۇلۇكچىلىكتىن ھالقىپ ۋە دۆلەتتىن ھالقىپ تىجارەت قىلىدىغان، رىقابەتلىشىش كۈچى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرىنى تەشكىللەش؛ ”مۈلۈك ھوقۇقى ئوچۇق بولۇش، ھوقۇق-مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، باشقۇرۇش ئىلمىي بولۇش“ تەلىپى بويىچە داۋاملىق تۈردە چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىدا قېلىپلاشقان شىركەت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش قاتارلىق فاكچېنلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى فاكچېنلىرىغا ئەمەل قىلىدىغانلا بولساق، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوقۇم قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ، زور بۆسۈش ھاسىل قىلالايمىز.

ئىشلىرىمىزنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تەلىپى بويىچە دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك. ئېلىمىزدە كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا زامانىۋىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرىمىز دەيدىكەنمىز، پەن-تېخنىكىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ، پەن-تېخنىكا—بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، دەپ كۆرسەتكەنىدى. دۇنيا مىقياسىدىن قارىغاندا، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بارغانسېرى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بىز چوقۇم دۇنيا بويىچە پەن-تېخنىكىنىڭ شىددەت بىلەن تېز تەرەققىي قىلىش يۈزلىنىشىنى توغرا ئىگەللەپ، كەلگۈسىدىكى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىغا، زامانىۋىلىشىش جەريانىغا ۋە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىگە كۆرسىتىدىغان غايەت زور تەسىرىنى تولۇق مۆلچەرلەپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچلۇق ئورنىغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يولىغا يۆتكىشىمىز كېرەك. پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىختىساسلىق خادىملاردىن ئايرىلالمايدۇ، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش مائارىپتىن ئايرىلالمايدۇ. مائارىپ دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىشماستىن مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ، مائارىپنىڭ ئېلىمىزنىڭ غايەت زور ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۈز مىليونلىغان يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەرنى ۋە ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، دىپلوماتىيە، دۆلەت مۇداپىئەسى قاتارلىق ساھەلەردە مىليونلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش مەملىكىتىمىزنىڭ 21-ئەسىردىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تارىخىي تەقدىرىگە چېتىلىدىغان تۈپ مەسىلە.

ئىشلىرىمىزنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ

تەلەپكە بويىچە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا چىڭ تۇرۇپ، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. 15-قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدا: «دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتى بىزدىن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىلدى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش — پارتىيىمىزنىڭ باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي كەلگەن كۈرەش نىشانى. لېكىن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، قانۇنچىلىق يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇش لازىم. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دېگىنىمىز كەڭ خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە، تۈرلۈك يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئىقتىسادىي ئىشلارنى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىشىنى، قانۇن ئىزىغا سېلىنىشىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرىدۇ، بۇنداق تۈزۈم ۋە قانۇننى رەھبەرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان، رەھبەرلەرنىڭ كۆزقارىشى ۋە دىققەت-ئېتىبارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان قىلىدۇ دېگەن سۆز. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — پارتىيىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا خەلقنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈپ ئومۇمىي تەدبىرى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي بەلگىسى، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

ئىشلىرىمىزنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تەلەپكە بويىچە ماددىي مەدەنىيەتنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىرگە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىمۇ ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم. شۇنى چوڭقۇر چۈشىنىش لازىمكى؛ پەقەت ماددىي مەدەنىيەتنىمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتنىمۇ تەڭ ياخشى ئېلىپ بارغاندىلا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا خاس ئىش قىلغانلىق بولىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي سۈپىتى ۋە پەن-مەدەنىيەت سۈپىتىنى كۆچەپ ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىگە پايدىلىق بولغان مەدەنىيەت شارائىتى ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىنى يارىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشقان غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق پۇقرالارنى يېتىشتۈرۈش شەرت. پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى يادرو قىلغان، كوللېكتىپچىلىقنى پرىنسىپ قىلغان ئەخلاق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، كىشىلەرنى توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قاراش، قىممەت قاراشنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا بۇ روھ قايتا تەكىتلەندى، بۇ، بىزنىڭ يېڭى دەۋردە كەڭ خەلققە بولۇپمۇ

ياش-ئۆسمۈرلەرگە ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. كوممۇنىستىك ئىدىيە-ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە ئىلغارلىق تەلىپى بىلەن كەڭلىك تەلىپىنى بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا، ئىجتىمائىي يۈكسە-لىشكە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاققا ئىلھام بېرىش لازىم. ۋەتەنپەرۋەرلىك—بىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى، چەت ئەللەردىكى قېرىنداشلارنى، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىد-كى قېرىنداشلارنى، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى ۋە ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشىمىزدىكى بىر بايراقتۇر. بۇ بايراقنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈشىمىز لازىم. ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، يەنە ئىلىم-پەن، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت، تەنتەربىيە-ساقلىقنى ساقلاش، ئاخباراتچىلىق-نەشرىياتچىلىق، رادىئو-كىنو-تېلېۋىزىيە، كىتاب ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇ-رۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. 21-ئەسىردىكى جۇڭگو ئۆزىنىڭ پارلاق ماددىي مەدەنىيەت نەتىجىلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ پارلاق مەنىۋى مەدەنىيەت نەتىجىلىرى بىلەن پۈتۈن دۇنيانىڭ ئالدىدا نامايان بولغۇسى.

ئىشلىرىمىزنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك سىلجىتىشتا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تەلىپى بويىچە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتىيىمىزنى ياخشى قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. جۇڭگو كومپارتىيىسى ئىشلىرىمىزغا رەھبەرلىك قىلىدىغان يادرو كۈچ. دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، ئۇ ئىنقىلاب ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى يادرو كۈچ؛ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدە، ئۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى يادرو كۈچ؛ يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇش ھارپىسىدا، ئۇ بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشىمىزغا رەھبەرلىك قىلىش-تىكى يادرو كۈچ. جۇڭگو ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش-بارالماسلىقنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىدە. بىز چوقۇم ئەسىر ھالقىيدىغان يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، پارتىيىمىزنى ياخشى قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىۋاتقان جۇڭگو كومپارتىيىسى قانداق پارتىيە بولۇشى كېرەك؟ 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا، ئۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان، خەلق ئۈچۈن جان-دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان، ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتە پۈتۈنلەي مۇستەھكەملەنگەن، تۈرلۈك خەۋپ-خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيا-لىزم قۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ماركسىزملىق پارتىيە بولۇشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ، 21-ئەسىرگە يۈزلەنگەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي نىشانى، بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش بىر تۈرلۈك يېڭى، ئۇلۇغ قۇرۇلۇشتۇر. تارىخىي ۋە رېئال ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، پارتىيىمىز ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا پارتىيە. لېكىن سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش داۋامىدا، پارتىيىمىز بەزى پاسسىپ ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، ئۇنىڭ تېنى مەلۇم دەرىجىدىكى چىرىتىشكە ئۇچرىدى. ئۈزلۈكسىز تۈردە پارتىيىنىڭ ئۆزىدىكى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنى تۈزىتىش، بولۇپمۇ پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى تۈگىتىش پارتىيىنىڭ رايىغا، خەلقنىڭ رايىغا ئۇيغۇن كېلىپلا

قالماي، بەلكى پارتىيىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئىشلىرىمىزغا رەھبەرلىك قىلغۇچى يادرو كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي شەرتىدۇر.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى يېڭى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، 21-ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋالايلى!

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى يېڭىباشتىن تونۇش ۋە توغرا چۈشىنىش كېرەك

جاۋ ياۋ

باش شۇجى جياڭ زېمىن 5-ئاينىڭ 29-كۈنى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە قىلغان مۇھىم سۆزىدە بايان قىلغان مۇھىم بىر مەسىلە سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىدىن ئىبارەت. تارىخ 21-ئەسىرگە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى يېڭىباشتىن تونۇش ۋە توغرا چۈشىنىش جۇڭگوچە سوتسيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدا ئۆگىنىشتىن ھاسىل قىلغان يۈرەكىن چۈشەنچىلىرىم ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئۇل تېشى ۋە ئاساسى

سوتسيالىزمنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى مەسىلىسى زامانىمىزدىكى سوتسيالىزم ئەمەلىيىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم نەزەرىيىۋى تەتقىقات تېمىسى. ئىلمىي سوتسيالىزمنىڭ ئاساسچىسى ماركس 1875-يىلى يازغان «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد» دېگەن ئەسىرىدە پرولېتارىيات ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ كاپىتالىزم تۈزۈمى ۋە ئۇ پەيدا قىلغان ئاقىۋەتنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ تۈزۈل-كېسىل ئازادلىققا چىقىشىنىڭ يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كەلگۈسى جەمئىيەتنى بىرىنچى باسقۇچ ۋە يۇقىرى باسقۇچ دەپ ئايرىپ، كوممۇنىزمنىڭ ئىككى باسقۇچى توغرىسىدىكى مۇكەممەل تەلىماتنى بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويدى. لېنىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوتسيالىزمنىڭ ئەمەلىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ھەر بىر تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ كۆپ بۆلەكلىك تەرەققىيات جەريانى ياكى باسقۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، يەنى چوڭ باسقۇچنىڭ كىچىك باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما قانداق قىلىپ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز دۆلىتىدە سوتسيالىزمنىڭ قايسى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىغا سەگەكلىك بىلەن

توغرا ھۆكۈم قىلىش تولىمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. كېيىن سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۇمۇمىيۈزلۈك ھالدا سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويدى: بىرىنچىدىن، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ناھايىتى قىسقا دەپ قاراپ، كوممۇنىزمغا ئۆتۈشكە ئالدىرىدى: ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىزم ئىنتايىن ئۇزاق بىر تارىخىي باسقۇچ دېگەن تونۇشقا كەلگەندىن كېيىن، يەنە ئۆزىدىكى سوتسىيالىزمنىڭ تۇرۇۋاتقان تەرەققىيات باسقۇچىنى يۇقىرى مۆلچەرلىدى، مەسىلەن ئۇنى "تەرەققىي تاپقان سوتسىيالىستىك جەمئىيەت" دەپ قارىدى ۋەھاكازالار. بۇ ئىككى سەۋەنلىكنىڭ بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى بار، ئۇ بولسىمۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى نىسپىي مۇستەقىل تەرەققىيات باسقۇچى دەپ قارىمىغانلىقى، سوتسىيالىزمنىڭ بىرقەدەر تۆۋەن تەرەققىيات باسقۇچى بىلەن بىرقەدەر يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ پەرقىنىمۇ، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ چېگرىسىنىمۇ ئايرىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار باسقۇچتىن ھالقىپ كەتكەن بەزى ئىشلارنى قىلىپ قويدى. بۇ—بىزنىڭ بۇرۇن ئېلىپ "سول"چىللىق خاتالىقىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، دۆلىتىمىزدەك ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى بىرقەدەر ئارقىدا قالغان دۆلەت سوتسىيالىزمغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئىنتايىن ئۇزاق بىر دەسلەپكى باسقۇچنى باشتىن كەچۈرۈشى كېرەك دېگەن ماركسىزملىق يېڭى ئىلمىي ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى. دەسلەپكى باسقۇچ دېگەن بۇ ئۇقۇم ئومۇمىي ئۇقۇم بولماستىن، بەلكى خاس ئۇقۇمدۇر، دېمەك، بىز تاۋار ئىگىلىكى تولۇق تەرەققىي قىلغان ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان ئاساستا سوتسىيالىزم قۇرماستىن، بەلكى ئالدى بىلەن سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئورنىتىپ، ئاندىن كېيىن تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرىمىز ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارىمىز. دېڭ شياۋپىڭ چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: "پارتىيىمىزنىڭ 13-قۇرۇلتىيىدا جۇڭگو سوتسىيالىزمنىڭ قايسى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقى، دېمەك دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى سوتسىيالىزم ئىكەنلىكى شەرھلىنىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزى كوممۇنىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، ۋاھالەنكى بىزنىڭ جۇڭگو يەنە كېلىپ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا يەنى تەرەققىي تاپمىغان باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ھەممىدە مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ئومۇمىي پىلانىنى مۇشۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن تۈزۈش لازىم." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 521—522-بەتلەر) دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېگىنىمىز مۇنداق ئىككى مەنىگە ئىگە. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئىجتىمائىي خاراكتېر جەھەتتىن ئېيتقاندا، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە كىرىپ بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە ۋە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەككى، كەينىگە چېكىنىپ، "خۇسۇسىيلاشتۇرۇش" دېگەن بىرىنىمىنى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ، "پۈتۈنلەي غەربچىلەشتۈرۈش" ۋە "كاپىتالىزم دەرسى"نى تولۇقلاش دېگەنلەرنى يولغا قويۇشقىمۇ بولمايدۇ، كەينىگە

چېكىنىش ۋە كونا يولغا قايتىش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھەرقاندىقى، سوتسىيالىزم يولىدىن چەتلەش خاھىشلىرىنىڭ ھەرقاندىقى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى بىلەن سىغىشالمايدۇ. ئىككىنچىسى، تەرەققىيات دەرىجە-سىدىن ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ پىشىپ يېتىلىش دەرىجىسى تېخى ئىنتايىن تۆۋەن، ئۇ تەرەققىي تاپقان جەمئىيەتتىن تېخى ناھايىتى يىراق، ئۇنىڭ تورۇۋاتقان باسقۇچى بىرقەدەر يۇقىرى باسقۇچ بولماستىن پەقەت دەسلەپكى باسقۇچ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەرقانداق تەدبىر كۆرۈشتە مۇشۇ ئەڭ تۈپ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشىمىز، تولىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويۇپ، ئالدىراقسانلىق قىلىپ، باسقۇچتىن ھالقىپ كېتىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز لازىم. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ھەم ئۆتكۈنچى دەۋردىن پەرقلەندۈرۈلدى، ھەم ئۇنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى باسقۇچى بىلەن بولغان چېگرىسى ئېنىق ئايرىلدى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى رېئال، ئىلمىي ئاساسقا قويۇلۇپ، ئوڭچىل خاتالىق ۋە باسقۇچتىن ھالقىپ كېتىدىغان «سول»چىل خاتالىقنىڭ ئالدى ئېلىندى.

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسى—ماركسىزم تۈپ قائىدىلىرىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن-لىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى داۋامى ۋە راۋاجى، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى مەزمۇنى مول ۋە چوڭقۇر ھەم ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدىغان ئىلمىي سىستېما؛ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە جۇڭگونىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە سوتسىيالىزم-نىڭ تەرەققىيات باسقۇچى توغرىسىدىكى ئەڭ توغرا مۆلچەر بولۇپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى ۋە ئۇل تېشىدۇر. ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيە بىلەن قوشۇلۇپ، بىرلىكتە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگو-چە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى سىستېمىسىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا بىنانىڭ ئۇل تېشىنى ھاسىل قىلدى.

**سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتىكى كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال**

دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇھىم تارىخىي دەۋردە تۇرماقتا. 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشانغا ئاساسلانغاندا، ئۇ چاغقا بارغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ھازىرقىدىن يەنە ئىككى قاتلانغان بولىدۇ، دۆلىتىمىز ھازىرقى يوشۇرۇن

ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتتىن ئەمەلىي ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلانغان بولۇپ، خەلقئارادىكى ئورنى ۋە تەسىرى بارغانسېرى چوڭىيىدۇ. ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا، مىسلى كۆرۈلمىگەن پۇرسەت ۋە سىناققا دۇچ كېلىمىز، ئىسلاھاتتا ئاتاكا قىلىش ۋە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت مۇشكۈل ۋەزىپىلەرگە، جۇملىدىن دۆلەت ئىگىلىكىنى ياخشىلاش ۋە جانلاندۇرۇشتا ئاتاكا قىلىش ۋەزىپىسىگە دۇچ كېلىمىز، بۇنداق ئەھۋالدا، مەيلى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك يېڭى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشتا بولسۇن ياكى تۈرلۈك زىددىيەتلەردىن كېلىپ چىققان ھەر خىل گۇمانلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا بولسۇن، مۇھىمى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى ئۈستىدە بىرلىككە كەلگەن تونۇشنى ھاسىل قىلىپ ۋە ئۇنى توغرا ئىگەللەپ، كۆپچىلىككە نېمە ئۈچۈن ھازىرقىدەك لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش كېرەكلىكىنى، باشقىچە لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشقا نېمە ئۈچۈن بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ.

21-ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقان سەپەردە، خەلقئارا ۋەزىيەتتە مۆلچەرلىگۈسىز ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ، مەملىكەت ئىچىدىمۇ كۈتۈلمىگەن تاسادىپىي ۋەقەلەر يۈز بېرىپ قالىدۇ. شۇڭا بىز مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، تۈرلۈك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ماھىرلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنى پۇختا ئىگەللىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "جەرياندىكى ھەممە زىددىيەتلەرگە تەكشى قارىغان بىلەن بولمايدۇ، ئۇلارنى ئاساسىي زىددىيەت ۋە ئىككىنچى ئورۇندىكى زىددىيەت دەپ ئىككى خىلغا ئايرىش، ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم." ئۇ يەنە ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق دېدى: "بۇ ئاساسىي زىددىيەت تۇتۇۋېلىنسا، بارلىق مەسىلىلەر ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ." («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 645-بەت) سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت سىنىپىي كۈرەش بولماستىن، بەلكى خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەدەنىي ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. بۇ ئاساسىي زىددىيەت دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭگەن بولىدۇ. بۇ ئاساسىي زىددىيەتنى چىڭ تۇتقاندىلا، ئاندىن ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ ئومۇمىيىتىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇغىلى ۋە ئىگىلىگىلى، ئاساسىي زىددىيەتنى ئۈنۈملۈك ھالدا ھەل قىلغىلى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ھەل بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئىچكى ئامىللار ۋە خەلقئارا تەسىر تۈپەيلىدىن، سىنىپىي كۈرەش يەنە مۇئەييەن دائىرىدە ئۇزاق ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مەلۇم شارائىتتا يەنە كەسكىنلىشىشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا بۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم. لېكىن

ئومۇمەن ئېيتقاندا، سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئەمدى ئاساسىي زىددىيەت ئورنىغا كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ تۈردىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش سەۋەبى بىلەن ئاساسىي زىددىيەتنى تونۇشتا ۋە ئىگىلەشكە تەسىر يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ. يەنە مەسىلەن، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنىلا سىنىپىي كۈرەش دائىرىسىگە كىرمەيدىغان زور مىقداردىكى ئىجتىمائىي زىددىيەت مەۋجۇت، ئالايلۇق پارتىيىلىكلەر بىلەن پارتىيىسىزلار ئوتتۇرىسىدىكى، كادىرلار بىلەن ئاممىا ئوتتۇرىسىدىكى، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى، مەنپەئەتى ئوخشاش بولمىغان كىشلەر توپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى، ئوخشاش بولمىغان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم زىددىيەتلەر بىر مەزگىل ئىچىدە بىرقەدەر روشەن گەۋدىلىنىپ چىقىپ، كىشلەر ئېتىبار بېرىدىغان مەركىزىي نۇقتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ زىددىيەتلەرگە قارىتا يۇكسەك ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنى دۆلەت سىياسىي ھاياتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى دەپ بىلىپ، پاسسىپ ھالدا ئەمەس ئاكتىپ ھالدا، كەينىگە سۆرىۋەرمەي دەل ۋاقتىدا، سىنىپىي كۈرەش ۋاستىسىنى ئەمەس ئىقتىسادىي ۋاستە، مەمۇرىي ۋاستە، ئىدىيىۋى تەربىيە ۋاستىسىنى قوللىنىپ، توغرا ھەل قىلىش لازىم. بۇ تۈردىكى زىددىيەتلەر ئوبدان بىر تەرەپ قىلىنمىسا، جەمئىيەتنىڭ تىنچ-ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ تۈردىكى زىددىيەتلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى مەلۇم دەرىجىدە ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ھەل قىلىنىشىغىمۇ باغلىق.

ئاساسىي زىددىيەت تۈپ ۋەزىپىنى بەلگىلەيدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا، تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تايىنىشقىلا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ھەمدە مۇشۇ ئاساستا خەلقنىڭ ماددىي-مەدەنىي تۇرمۇشىنى پەيدىنپەي ياخشىلاشتىن ئىبارەت. دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”سوتسىيالىزمنىڭ ۋەزىپىلىرى ناھايىتى كۆپ، ئەمما تۈپ ۋەزىپە—ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىش.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 279-بەت) بۇ—ھازىرقى جۇڭگودىكى بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى بېيىتىش، مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ۋە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇش، ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ ئارقىلىق ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە سوتسىيالىزمنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەرەققىياتقا باغلىق. دېمەك، ”تەرەققىيات—چىڭ قائىدە.“

(يۇقىرىقى كىتاب، 787-بەت) ھازىردىن باشلاپ كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە مەملىكىتىمىز ئىجتىمائىي تۈرمۇشىنىڭ ئاساسىي تېمىسى تەرەققىيات، يەنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت.

## سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى تۈزۈش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى

ماۋ زېدۇڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىلا ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، "بىرلەشتۈرۈش" پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغانلىقى ۋاقىتتا جۇڭگو ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان ۋە غەلىبىگە ئېرىشكەن، "بىرلەشتۈرۈش" پرىنسىپىدىن چەتلىگەنلىكى ۋاقىتتا، جۇڭگو ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئوڭۇشسىزلىققا ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇردى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى. ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تۈپ يېتەكچى پرىنسىپى قىلدى. ئۇ 12-قۇرۇلتايىنىڭ ئېچىلىش نۇتقىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز يولىمىزدا مېڭىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش—بىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقارغان ئاساسىي خۇلاسىمىز." (يۇقىرىقى كىتاب، 5-بەت) جياڭ زېمىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: "پارتىيىمىز 70 يىللىق كۈرەش داۋامىدا ئىنتايىن مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى، بۇنى بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلىغاندا، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز يولىمىزدا مېڭىشتىن ئىبارەت." بۇ بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، بىر تەرەپتىن ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىسىنى مۇكەممەل، توغرا چۈشىنىش كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى يەنى دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا ئىگىلەش لازىم. جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى، دۆلەت ئەھۋالى كەڭ بىر ئۇقۇم بولۇپ، مەزمۇنى ئىنتايىن كۆپ، ئۇ نوپۇس، يەر-زېمىن، بايلىق، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە دۆلەت تۈزۈمى، دىنىي ئېتىقاد ۋە تارىخىي ئەنئەنە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھالقىلىق مەسىلە ئەڭ چوڭ ئەمەلىيەتنى يەنى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى تونۇۋېلىشتىن ئىبارەت. ئەڭ چوڭ ئەمەلىيەت دېگىنىمىز جۇڭگونىڭ ھازىرلا ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۇلۇكچىلىكنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش-

نىڭ ئاساسەن تاماملىنىشى، ئاخىرقى نۇقتىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى، بۇنىڭ ئۈچۈن تەخمىنەن 100 يىلدەك ۋاقىت كېتىدۇ. 13-قۇرۇلتاي دوكلاتىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نامراتلىقتىن، قالاقلىقتىن پەيدىنپەي قۇتۇلىدىغان باسقۇچ؛ يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان ۋە قول ئەمگىكىنى ئاساس قىلىدىغان يېزا ئىگىلىك دۆلىتىنى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان زامانىۋى سانائەت دۆلىتىگە پەيدىنپەي ئايلاندۇرىدىغان باسقۇچ؛ ناتۇرال ئىگىلىك، يېرىم ناتۇرال ئىگىلىك ئىنتايىن زور سالماقنى تەشكىل قىلىدىغان ئىگىلىكنى تاۋار ئىگىلىكى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان ئىگىلىككە ئايلاندۇرىدىغان باسقۇچ؛ ئىسلاھات ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، سىياسىي تۈزۈلمە ۋە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىدىغان ۋە راۋاجلاندۇرىدىغان باسقۇچ؛ پۈتۈن خەلق غەيرەتكە كېلىپ، جاپالىق ئىگىلىك يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان باسقۇچ بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك بولغان سوتسىيالىستىك زامانىۋى دۆلەت قۇرىدىغان باسقۇچ بولىدۇ.

بۇ ئەڭ چوڭ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ سوتسىيالىزم قۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقارغان ئاساسىي خۇلاسىسى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇرۇن، بىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشتا بىر قاتار سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلىپ قويۇشىمىزدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، دۆلەت ئەھۋالىغا بولغان تونۇشىمىز يېتەرلىك بولمىغاچقا، دەسلەپكى باسقۇچتىن ھالقىغان بەزى ۋەزىپە ۋە سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، ئالايلۇق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ قالاقلىقىغا بولغان تونۇشىمىز يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلماي، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە خىلاپ بولغان يۇقىرى كۆرسەتكۈچلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نەتىجە قازىنىشقا ئالدىرىدۇق؛ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئايرىلغان ھالدا تەگشەش ۋە ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ”بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي“ بولۇشقا ئىنتىلىپ، قارىغۇلارچە ساپلىقنى قوغلاشتۇق؛ ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچى جەھەتتە، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا پىشىپ يېتىلمەسلىكتىن پەيدىنپەي پىشىپ يېتىلىشكە ئۆتىدىغان تەرەققىيات جەريانى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمەي، ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلارنىڭ سۈپەت چېگرىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، كوممۇنىزمغا ئۆتۈشكە ئالدىرىدۇق. ئۈچ ”ئالدىراش“ باسقۇچتىن ھالقىشنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا داۋاملىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدىكى ئەڭ تۈپ سەۋەب شۇكى، بىز ھەممىدە دەسلەپكى باسقۇچتىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلدۇق. سوتسىيالىزمنىڭ

دەسلەپكى باسقۇچى مۇنداق ئۈچ ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقى، ئىككىنچىسى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى، ئۈچىنچىسى، ئۈستقۇرۇلمىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكى. مۇشۇ تونۇشنى ئاساس قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلق ئىگىلىكى ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىدىغان ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردۇق؛ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتە، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ماس كېلىشى كېرەك دېگەن قانۇنىيەتكە ئاساسەن، ئەسلىدىكى ساپ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى تەڭشەپ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىدىغان، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈردۇق، ئەسلىدىكى بىرلا خىل ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش تۈزۈمىنى تەڭشەپ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىدىغان، كۆپ خىل تەقسىمات شەكلى بىللە مەۋجۇت بولىدىغان ھالەتكە كەلتۈردۇق؛ ئۈستقۇرۇلما جەھەتتە، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان شوئار ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويماستىن، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىدىغان يولنى تۇتتۇق، يۇقىرىدىكى ئۈچ جەھەتتە چىڭ تۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، ھەم ئىلگىرىكىدەك باسقۇچتىن ھالقىيدىغان خاتا نۇقتىئىنەزەر ۋە سىياسەتلەرنى تۈگەتتۇق، ھەم سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ تۈزۈمىدىن ۋاز كېچىدىغان خاتا تەشەببۇسلارنى رەت قىلدۇق. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بىز مۇشۇ يولنى تۇتۇش بىلەن سوتسىيالىزمدىن چەتلىمىدۇق، بەلكى ئەستايىدىللىق بىلەن سوتسىيالىزم قۇرۇپ، سوتسىيالىزمنى جۇڭگودا ھەقىقىي گۈللەندۈردۇق ۋە راۋاجلاندۇردۇق، بۇنىڭ بىلەن كەڭ خەلق ئۆزىنىڭ بىۋاستە تەسىراتىدىن سوتسىيالىزمنى تېخىمۇ ھىمايە قىلىدىغان ۋە تېخىمۇ سۆيىدىغان بولدى.

پارتىيىمىز ھەر بىر تارىخىي دەۋردە جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن بىر ئاساسىي لۇشيەننى (ياكى باش لۇشيەننى) يەنى ئومۇمىي خاراكتېرلىك تۈپ يېتەكچى فاڭجېننى بەلگىلەيدۇ. دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى يېڭى ئىزدىنىش داۋامىدا، دەسلەپكى باسقۇچتىكى ئەمەلىيەتكە ماسلىشىپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەننى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە شەكىللەندۈردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”ئاساسىي لۇشيەن 100 يىلغىچە دەۋر سۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ.“ (يۇقىرىقى كىتاب، 371-بەت) جياڭ زېمىن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى قايتىدىن تەكىتلەپ، پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ مېڭىسىنى سەگەك تۇتۇپ، تۈرلۈك كاشىلىلارنى تۈگىتىپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى— سوتسىيالىزمنىڭ

دەسلەپكى باسقۇچىدىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىمىزنىڭ قانۇنىيىتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئۆتكەن 18 يىل ئىچىدە بىز شۇنىڭغا تايىنىپ دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، بۇنىڭدىن كېيىن 21-ئەسىرگە قەدەم تاشلاپ، يېڭى، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمۇ يەنىلا شۇنىڭغا تايىنىشىمىز لازىم. بۇ—جۇڭگو سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان زور مەسىلە. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە باشتىن-ئاخىر تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك، بۇ ھازىرمۇ قايتا-قايتا تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىر مەسىلىدۇر.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشتا، ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى بېكىتىش پارتىيىمىزنىڭ قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەزمۇنىدۇر. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش-چىڭ تۇرماسلىق دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا، دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان زور مەسىلە. بىزدە مۇشۇ بىرلا مەركەز بولۇشى كېرەككى، ئىككى مەركەزنى بەلگىلەشكە بولمايدۇ، كۆپ مەركەزنى بەلگىلەشكە تېخىمۇ بولمايدۇ، باشقا ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەر مۇشۇ مەركەزگە بويسۇنۇشى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئەگەردە بۇ مەركەز تەۋرەپ قالىدىكەن، ئۇ ھالدا ئىككى ئاساسىي نۇقتا يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ-دە، پۈتكۈل ئاساسىي لۇشيەنمۇ تەۋرەپ قالىدۇ.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشتا تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ يولى، بۇ ئىككىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىدە بىرلىككە كېلىدۇ. بۇ ”ئىككى ئاساسىي نۇقتا“ ”بىر مەركەز“نىڭ يۆلەنچۈكى، تۈۋرۈكى بولۇپ، ھەر ئىككىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان ئازاد قىلىشنى ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشتا ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق ئاساسىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. سىياسىي مۇقىملىق بولمىسا جەمئىيەت داۋالغۇپ تۇرسا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. مۇقىملىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، مۇقىملىق بولمىسا ھېچ نەرسە بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزاق جەريانىدا، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى

ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، ئىسلاھات كۈچى، تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە مۇقىملىق دەرىجىسىنى بىر-بىرىگە لايىقلاشتۇرۇش كېرەككى، ئۇلار بىر-بىرىگە ماس كېلىدىغان، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بولسۇن.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىدە. پارتىيىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ۋە رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىشتىكى ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. جۇڭگودىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى كومپارتىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ياخشىلاشتا. پارتىيە قۇرۇلۇشى ياخشىلانسا، جۇڭگوچە سوتسىيا-لىزم قۇرۇش ئىشىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى تۈپ كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ.

**(ئاپتور ج ك پ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ئىلمىي سوتسىيالىزم بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، دوكتورانتنىڭ يېتەكچىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرايلى

**ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى**

ئالتۇن كۈزدە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى غەلىبىلىك يىپىلدى، ئارقىدىنلا بىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 48-قېتىملىق تۇغۇلغان كۈنىنى كۈتۈۋالدۇق، نۆۋەتتە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە دولقۇن كۆتۈرمەكتە. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر مەزمۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، قۇرۇلتايدا ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مۇلۇكچىلىك مەسىلىسىگە ئىلمىي ھالدا نەزەرىيىۋى جاۋاب بېرىلدى، ھەمدە شۇنىڭغا ئاساسەن ”ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇش“نى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بىر تۈرلۈك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم سۈپىتىدە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت زور تەدبىر چىقىرىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇ زور تەدبىرى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى چوقۇم زور دەرىجىدە ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ. بۇ روھنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگەنسەك ۋە ئۆزلەشتۈرسەك، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى بەرپا قىلىش ئىشىغا نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالىمىز.

ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇشنى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بىر تۈرلۈك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم قىلىپ

بېكىتىشنى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى دۆلەت ئەھۋالىمىز بەلگىلىگەن. دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت بولغاچقا، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئاساسى قىلىش شەرت. پەقەت ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن كەڭ ئەمگەكچىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن، جەمئىيەتنىڭ ماددىي بايلىقىنىڭ ئېشىپ بېرىشىدىن كەلگەن مەنپەئەتتىن ئورتاق بەھرىمەن قىلغىلى، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرگىلى، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؛ پەقەت ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغاندىلا، ئاندىن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئېھتىياجلىق بولغان، ئىجتىمائىي ئۇنۇمى يۇقىرى، مىكرولۇق ئۇنۇمى ناچار بولغان كەسىپ ۋە تارماقلارنىڭ بايلىقتا بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ بۇ مەھسۇلاتلار ۋە مۇلازىمەتكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا ۋە خەلقنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى تېخى بىرقەدەر تۆۋەن، تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، شۇڭا بۇ خىل ئەھۋالغا ئاساسەن مۇۋاپىق مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. زامانىۋىلاشقان، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقان ھالدا ھەممە بىر قىسىم كەسىپلەرنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى، خاراكتېرى، رولى ۋە ئورنىغا ئاساسەن سوتسىيالىستىك ئومۇم خەلق مۇلۇكچىلىكى ياكى كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكنى ئورنىتىش كېرەك. غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى بولسا دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە چەت ئەل مەبلىغى ئىگىلىكى قاتارلىق غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلھاملاندۇرۇش، يېتەكلەش ئارقىلىق ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، جەمئىيەت بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى ئاشۇرۇش، جەمئىيەتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كېڭەيتىش كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە ماسلاشقۇلى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە پايدا يەتكۈزگىلى بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلاھات ۋە بارلىق خىزمەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ئۆلچەشنىڭ ”ئۈچ پايدىلىق بولۇش“ ئۆلچىمى ئەينى ۋاقىتتا مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ

مۇۋاپىق بولغان-بولمىغانلىقىنى ئۆلچەشنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ”ئۈچ پايدىلىق بولۇش“ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇلۇكچىلىك شەكلىنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسا بولىدۇ، يەنە كېلىپ خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى كېرەك. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە ماس كېلىدۇ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا قىلچە تەۋرەنمەستىن قەتئىي چىڭ تۇرۇش لازىم. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرى، بىز ئۇزۇن مەزگىل سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ، پرىنسىپ ۋە كىتابىبازلىقنى چىقىش قىلىپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئومۇم خەلق مۇلۇكچىلىكى ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەكىتلىدۇق، مۇلۇكچىلىكنىڭ دەرىجىسىنى قارىغۇلارچە يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بېرىلىپ كەتتۇق، قانچە چوڭ، قانچە ئومۇمىي بولسا شۇنچە ياخشى، ئومۇملۇق دەرىجىسى قانچە يۇقىرى بولسا، سوتسىيالىزمغا شۇنچە ئۇيغۇن بولىدۇ، دەپ قاراپ، باشقا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلمىدۇق، يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تېخىمۇ يول قويمىدۇق، نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە خەلق تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، دۆلەت ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ ئېشىشىغا تەسىر يەتكۈزدۇق. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيان پارتىيىمىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇرۇنقى ئۆزئارا ماسلىشالمايدىغان ھالەتتىن بىرقەدەر ماسلىشىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئىقتىساد تېز راۋاجلىنىۋاتقان، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى زور دەرىجىدە ئېشىۋاتقان، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ”ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇش“ دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ”ئۈچ پايدىلىق بولۇش“ ئۆلچىمىگە ماس كېلىدۇ، سوتسىيالىزمنىڭ پۈتكۈل دەسلەپكى باسقۇچىدا باشتىن-ئاخىر ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ مەنىسىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش كېرەك. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ مەزمۇنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بارلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ ياكى ئەمگەكچىلەر كوللېكتىپىنىڭ ئورتاق ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش ھەمدە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئاساسەن مۇناسىپ پايدىغا ئىگە بولۇش، مۇناسىپ خەۋپ-خەتەرنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. ئۇقۇم دائىرىسىدىن قارىغاندا، 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى دۆلەت ئىگىلىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، ئارىلاشما مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ دۆلەت ئىگىدارلىقى تەركىبى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىدارلىقى تەركىبىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. پەقەت ئومۇم خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە كوللېكتىپ كارخانىلارنى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى دەپ قاراپ، ئارىلاشما ئىگىلىكتىكى دۆلەت ئىگىدارلىقى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىدارلىقى تەركىبلىرىنىڭمۇ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان كۆزقاراش خاتادۇر. نەزەرىيە جەھەتتىن دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئەمەلىي خىزمەتتە بولسا دۆلەت ئىگىلىكىنىڭلا تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، نىسپىي ھالدا كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا سەل قاراش ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشقا پايدىسىز، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچى رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنى ئاساسەن مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: ئومۇمىي مۇلۇك ئىجتىمائىي ئومۇمىي مۇلۇكتە ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدۇ؛ دۆلەت ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىنى تىزگىنلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا يېتەكچى رول ئوينايدۇ. ئومۇمىي مۇلۇكنى ئۈستۈنلۈكتە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، مىقدار جەھەتتە ئۈستۈنلۈكتە تۇرغۇزۇپلا قالماستىن، سۈپەتنى ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئومۇمىي مۇلۇكنىڭ مىقدار جەھەتتىلا ئۈستۈنلۈكى بولۇپ، سۈپىتى يۇقىرى بولمىسا، ئوبدان باشقۇرۇلمىسا، بايلىقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ۋە پايدىسى تۆۋەن بولسا، جەمئىيەت ئۈچۈن تەمىنلەشكە تېگىشلىك بولغان ماددىي مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتلەرنى تەمىنلىيەلمىسە، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، خەلقنىڭ ئورتاق بېيىش قەدىمىنى ئاستىلىتىپ قويىدۇ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرغىلى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى كۆپ قىسىم ئادەملەرنى ئورتاق بېيىتىش يۆنىلىشىگە قاراپ ساغلام تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ، ئومۇمىي

مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى گەۋدىلەندۈرگىلى، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا چوقۇم كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، كارخانىنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىش قاتارلىق چارە-تەدبىرلەر ئارقىلىق ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ ئىشقا سېلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئومۇمىي مۈلۈك سۈپىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچى رول ئويىنىشى ئاساسەن ئۇنىڭ تىزگىنلەش كۈچىدە ئىپادىلىنىدۇ. پەقەت ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇلسىلا، دۆلەت خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىنى تىزگىنلەپ تۇرسىلا، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ سالمىقى سەل ئازايسىمۇ لېكىن تىزگىنلەش كۈچى ۋە رىقابەت كۈچى ئېشىپ بارسىلا، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىگە تەسىر يەتمەيلا قالماستىن، بەلكى دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ رىقابەت كۈچى ۋە تىزگىنلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە كۈچ چىقىرىپ، دۆلەتنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىنى تىزگىنلەپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى ۋە ئەمەلىيەتتە ئىدارە قىلىشقا بولىدىغان كاپىتال ئارقىلىق، جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە تەسىر قىلىپ ۋە ئۇنى بەلگىلەپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن تەڭشەش، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. دۆلەت كاپىتالىنى مۇۋاپىق مەركەزلەشتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىغا مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنى، مەسىلەن قاتناش-ترانسپورت، پوچتا-ئالاقە، مۇھىم خام ئەشيا-ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش ۋە جاھازلاندۇرۇش تارماقلىرى، بانكا كەسپى، دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق ھالدا كۈچەيتىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مونوپول خاراكتېرىگە ئىگە ۋە شۇ سەۋەبلىك پايدىسى كۆپ بولىدىغان كەسىپ ۋە ساھەلەرنى كونترول قىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىنى بۇ ساھەلەردە مۇتلەق يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان قىلىش، بۇ كەسىپ ۋە ساھەلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنىڭ تېزدىن كېڭىيىشى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، پۈتكۈل ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ئاساسىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش ھەمدە دۆلەت بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. باشقا كەسىپ ۋە ساھەلەردە، ئاساسلىقى رىقابەت خاراكتېرلىك كەسىپ ۋە ئادەتتىكى كەسىپلەردە، دۆلەت كاپىتالىغا نىسبەتەن مۈلۈكنى قايتىدىن

گۇرۇپپىلاشتۇرۇش ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئارقىلىق مۇھىم نۇقتىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ بىر پۈتۈن سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدا ئېغىر ئوشۇقچىلىق پەيدا بولغان، ھەددىدىن ئارتۇق رىقابەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تارماقلار ۋە كەسىپلەردە تۇرۇپ قالغان دۆلەت كاپىتالىنى قەتئىي ئېلىپ چىقىپ، بايلىقنى ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجى داۋاملىق كېڭىيىۋاتقان تارماق ۋە كەسىپلەرگە يۆتكەش، شۇ ئارقىلىق ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى كۆپەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش، ھەددىدىن ئارتۇق رىقابەتتىن قېچىپ، دۆلەت كاپىتالىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك؛ دۆلەت كارخانىلىرىغا نىسبەتەن، قوشۇۋېلىش، بىرلىشىش، ۋەيران بولۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەتنىڭ ئىچكى تەلىپىگە ئاساسەن، سىستېما بىلەن رايونلارنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدىغان مەھسۇلاتلار ۋە ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدىغان كارخانىلارنى چۆرىدىگەن ھالدا رايون، كەسىپ ھەتتا دۆلەت ھالقىپ تىجارەت قىلىدىغان چوڭ تىپتىكى كارخانىلار گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرۈپ، كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇپ، كۆلەملىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەمدە بۇ خىل چارە-تەدبىر ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ رىقابەت كۈچىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئاشۇرۇش كېرەك.

سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك جەمئىيەت ئەزالىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئورتاق ئىگىلەيدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق ئىشلىتىدىغان مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋىتىدۇر. ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە ئىگىدارلىق قىلغۇچى، ئۇنى ئىگىلىگۈچى، ئىدارە قىلغۇچى ۋە ئىشلەتكۈچىنىڭ بارلىق ئەمگەكچىلەر ياكى بىر قىسىم ئەمگەكچىلەر ئىكەنلىكىگە، ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ئىگىلەش ھوقۇقى، ئىدارە قىلىش ھوقۇقى ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشقانلىقىغا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قانداق بىرلەشكەنلىكىگە ئاساسەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ تۈرلۈك رېئاللىشىش شەكلى شەكىللىنىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئاساسى سۈپىتىدىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ نېگىزلىك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچى سەۋىيىسىنىڭ كۆپ قاتلاملىقلىقى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك دائىرىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى، مۈلۈكچىلىك ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك ھوقۇقلارنىڭ رېئاللىشىش شەكلى ۋە بىرلىشىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كۆپ خىل رېئاللىشىش شەكلى بولۇشى مۇمكىن. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللىرى ئوخشىمىغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچى سەۋىيىسىگە ماس كېلىدۇ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنىڭ كۆپ خىللىقى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. شۇڭا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ

شەكلى كۆپ خىللاشتۇرۇلسا بولىدۇ، بەلكى كۆپ خىللاشتۇرۇلۇشى لازىم، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە تەشكىللەش شەكلىدىن دادىل پايدىلىنىلسا بولىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىمكان بېرىدىغان رېئاللىشىش شەكلى ھەققىدە ئاكتىپ ئىزدىنىش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش كۈچى سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى ھەمدە خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىغا مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە دۆلەت ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش كۈچى سەۋىيىسى نىسپىي ھالدا بىرقەدەر تۆۋەن بولۇپ، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكنى يولغا قويۇشقا ماس كېلىدىغان ئەھۋالدا، مەسىلەن يېزىلاردا ئاساسەن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلىش كېرەك. پاي تۈزۈمى زامانىۋى كارخانىنىڭ بىر خىل كاپىتال توپلاش شەكلى بولۇپ، ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىشقا پايدىلىق، كارخانىنىڭ ۋە كاپىتالنىڭ ئىشقا سېلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق، بۇ تۈزۈم كاپىتالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسا بولىدۇ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. پاي تۈزۈمى تومتاقلا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە خاس ياكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە خاس دېيىلسە بولمايدۇ، بۇنىڭدا مۇھىمى پاي چېكىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنىڭ كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە قاراش كېرەك. پاي چېكىنى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ تىزگىنلىگەن بولسا، روشەن دەرىجىدە ئومۇم ئىگىدارلىق قىلىش خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ، بۇ دۆلەت كاپىتالىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق. پاي تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا، تارقاق ئىجتىمائىي كاپىتالنى تېز سۈرئەت بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ، كاپىتالدىن پايدىلىنىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت كۆلىمىنى تېز سۈرئەتتە كېڭەيتىشكە پايدىلىق. پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر-بىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان بىر خىل ھوقۇق قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەم ئىگىلىك باشقۇرغۇچىنىڭ تولۇق ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى ۋە تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، ھەم ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىغا نىسبەتەن ئۈنۈملۈك نازارەت ئېلىپ بېرىپ، ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىدا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى تېزدىن ئورنىتىش كېرەك. نۆۋەتتە شەھەر-يېزىلاردا كۆپلەپ بارلىققا كەلگەن خىلمۇخىل پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك ئاساسىي

قاتلامدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى يېڭى ئىجادىيىتى بولۇپ، ئىسلاھاتتا مەيدانغا كەلگەن يېڭى شەيئىدۇر، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئۇتتۇرا، كىچىك تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى جانلاندۇرۇشتا بىرقەدەر روشەن رولى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە قوللاش كېرەك. ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك جەھەتتە بىرلىشىشى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ كاپىتال جەھەتتە بىرلىشىشىنى ئاساس قىلغان كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. لېكىن پاي تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋە پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى ئىسلاھاتى جەريانىدا توغرا يېتەكچىلىك قىلىش، ئاكتىپ، پۇختا ھالدا قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك، مەمۇرىي ئۇسۇللار بىلەن زورلاپ كېڭەيتىشكە، ئالدىراقسانلىق قىلىشقا، بىرى باشلىسا، مىڭى ئەگىشىشكە، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ.

پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ مۈلۈكچىلىك مەسىلىسى توغرىسىدىكى زور تەدبىر ۋە بايانى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق پرىنسىپتا چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەنلىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. مۈلۈكچىلىك—ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاسا-سى، مۈلۈكچىلىك نەزەرىيىسى بولسا سوتسىيالىستىك ئىقتىساد نەزەرىيىسىنىڭ ئۇل تېشى. پارتىيە 15-قۇرۇل-تىيىنىڭ دوكلاتىدا مۈلۈكچىلىك مەسىلىسى توغرىسىدا قىلىنغان بىر قاتار بايانلار مۈلۈكچىلىك نەزەرىيىسىدە زور بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك مەسىلىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تۈرلۈك بىر تەرەپلىمە، مۇجمەل تونۇشلارنى ئايدىڭلاشتۇردى، بۇ بايانلار ماركسىزملىق ئىقتىساد نەزەرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي نەزەرىيىنىڭ تەرەققىياتىنى چوقۇم زور دەرىجىدە ئالغا سۈرىدۇ. 15-قۇرۇلتاينىڭ مۈلۈكچىلىك توغرىسىدىكى زور تەدبىرى مۇقەررەر ھالدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ بولۇپمۇ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە سەرخىللاشتۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، دۆلىتىمىز پۇتكۈل ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدۇ. بىز 15-قۇرۇلتاينىڭ مۈلۈكچىلىك توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، پىكىر يولىمىزنى ئېچىپ، تۈرلۈك كاشىلىلارنى يوقىتىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش

كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان رېئاللىشىش شەكلىنى تىرىشىپ تېپىپ چىقىپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن تەڭشەپ، ئومۇمىي مۈلۈكچە-لىك ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى كۈچەيتىشىمىز، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ رىقابەت كۈچى ۋە تىزگىنلەش كۈچىنى ئاشۇرۇشىمىز، دۆلەت مۈلكىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ئىلھام بېرىشىمىز ۋە يول كۆرسىتىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، دۆلىتىمىز چوقۇم ئىقتىسادى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان، خەلقى تېخىمۇ باي بولغان يېپيېڭى قىياپەت بىلەن 21-ئەسىرگە قەدەم قويالايدۇ، سەلتەنەتلىك كەلگۈسىگە كۆكرەك كېرىپ ماڭالايدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: كامىلجان تۇرسۇن**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# يۇقىرى پەن-تېخنىكا ۋە ئاساسىي پەن

**جۇ خېلىڭ**

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”جۇڭگونىڭ تەرەققىي تېپىشى ئىلىم-پەندىن ئايرىلالمايدۇ.“ ”جۇڭگو چوقۇم ئۆزىنىڭ يۇقىرى پەن-تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنيانىڭ يۇقىرى پەن-تېخنىكا ساھەسىدىن بىر ئورۇن ئېلىشى لازىم“. («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 375-، 577-بەتلەر) بىز چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەربىيىسى بويىچە، ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ۋە يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتنى چىقىش قىلىپ، يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلەن ئاساسىي پەننىڭ ئالاقىسى ۋە پەرقىنى ئىگەللەپ، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى قەتئىي ئىلگىرى سۈرۈپ، ”ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش“تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

پەن-تېخنىكىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە، يەر ئىلمى، فىزىئولوگىيە ۋە مېخانىكا قاتارلىق ئاساسىي پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن يۇقىرى پەن-تېخنىكا دەپ ئاتالغان پەن-تېخنىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە باشقا پەن-تېخنىكىلار، مەسىلەن تۈرلۈك قۇرۇلۇش پەنلىرىمۇ بار.

ئەگەر ”863 پىلانى“نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىدىن قارايدىغان بولساق، يۇقىرى پەن-تېخنىكا ئالەم قاتنىشى، ئۇچۇر، ئېنېرگىيە، ئاپتوماتلىشىش، لازېر نۇر، ماتېرىيال ھەمدە بىئولوگىيىلىك تېخنىكا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك قىلىدۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، مەسىلەن ئاۋىئاتسىيىمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكىلارنىڭ تەرەققىياتى نەتىجە-سىدە ئالاقىدار كەسىپلەر شەكىللىنىدۇ. يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسىپلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، كاتتا ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆتمۈشتە، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىلەرگە بولغان تالان-تاراجى ئاساسەن خام ئەشيالارنى بۇلاشتىن ئىبارەت ئوپئوچۇق شەكىل بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. ھازىر، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان

دۆلەتلەرگە بولغان ئېكسپلاتاتسىيىسى بولسا ئاساسەن يۇقىرى پەن-تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش، ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان ۋە بايلىقنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىشتىن ئىبارەت قارىماققا ئادىلدەك بولغان سودا ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلماقتا. يۇقىرى پەن-تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار مونوپول خاراكتېرلىك پەن-تېخنىكا بىلىملىرى ۋە ۋاسىتىلىرى ئېلىپ كەلگەن يۇقىرى قوشۇمچە قىممەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۈرلۈك كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوشۇمچە قىممەتلىرىدە، پەن-تېخنىكىنىڭ ئىگەللىگەن نىسبىتى ئىنتايىن پەرقلىنىدۇ، ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ نىسبەت ماشىنىسازلىق سانائىتىدە %25، پولات-تۆمۈر سانائىتىدە %29، ئاۋىئاتسىيە سانائىتىدە بولسا %44 بولىدىكەن. ئالدىنقى ئىككىسى ئەنئەنىۋى كەسپلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، گەرچە ئۇلاردا ئىنتايىن كۆپ يېڭى تېخنىكىلار قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن پەن-تېخنىكا تەركىبىنىڭ ئېلىپ كەلگەن قوشۇمچە قىممىتى ئاۋىئاتسىيىدىن ئىبارەت يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسپىنىڭكىدىن بەكلا تۆۋەندۇر. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ، مەسىلەن ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە، فرانسىيىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورتىنىڭ بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا %40، %40، %20، %20 ئەتراپىدا بولماقتا.

يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسپلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى كەسپلەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ماھىيەتلىك پەرقلەر مەۋجۇت بولۇپ، بۇ پەرقلەر ئاساسەن ئۇلار بىلەن پەننىڭ مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسانىيەت ياشاش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى تەجرىبىلەر جۇغلىنىپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە تېخنىكىغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى مېتاللورگىيە تېخنىكىسى ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، بۇنى چىن شىخۇاڭ قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان مىس ئات-ھارۋىلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا قۇرۇلۇش كەسپىنى ئۆلچەملەشتۈرىدىغان قۇرۇلۇش قائىدىسى بولغان، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئىنتايىن چوڭ دېڭىز كېمىلىرى ياسالغان. بۇلار ئەينى چاغدىكى قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ۋە كېمە ياساش تېخنىكىسىنىڭ خېلىلا سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. گەرچە غەرب دۆلەتلىرى تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ كونكرېت ۋاقىتلىرى جەھەتتە جۇڭگو بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ جەريانى جەھەتتە ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئەينى چاغدا تېخى ئىسسىتېمىلىق، تولۇق تەبىئىي پەنلەر (ماددىي ئوبيېكتى بولغان پەنلەرنى كۆرسىتىدۇ، ماتېماتىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) يوق ئىدى. تەبىئىي پەنلەرنىڭ شەكىللىنىشى ئىشلەپچىقىرىشقا بىۋاسىتە تايانمايدۇ. ئەڭ بالدۇر شەكىللەنگەن تەبىئىي پەن مېخانىكا بولۇپ، 1687-يىلى نيۇتون ئېلان قىلغان

«تەبىئىي پەلسەپىنىڭ ماتېماتىكىلىق قائىدىسى» ئۇنىڭ نامايەندىسىدۇر. فىزىكىنىڭ باشقا تارماقلىرى ھەمدە خىمىيە، ئاسترونومىيە، يەر ئىلمى، بىئولوگىيە قاتارلىقلار بولسا كېيىنرەك پەن بولۇپ شەكىللەنگەن. پەن شەكىللەنگەن ھامان ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىغا قوللىنىلدى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات ئېھتىياجى-نىڭ ئەكس تەسىرىگە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئارقىسىدا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىمۇ، پەننىڭ تەرەققىياتىمۇ تېزلىتىلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە، نۇرغۇن ئەنئەنىۋى كەسىپلەر، مەسىلەن مېتاللۇرگىيە، ماشىنىسازلىق، كېمىسازلىق، توقۇمىچىلىق، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار خېلى چوڭ كۆلەمگە يەتتى، تېخنىكىسى نىسپىي ھالدا پىشىپ يېتىلدى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلۇش پەنلىرى شەكىللەندى. بۇ كەسىپلەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا، تەجرىبىمۇ، پەن بىلىملىرىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى، بەزىدە تەجرىبە بەكرەك مۇھىم رول ئوينىدى، پەن بىلىملىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى بولسا تەدرىجىي ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانى بولدى. كەسىپنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەنمۇ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى.

يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسىپلىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭكى بىلەن ئىنتايىن چوڭ پەرقلىنىدۇ. ئاۋئاتسىيە كەسپى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئومۇمەن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلغان. ئەگەر پەن باشلامچى سۈپىتىدە يول ئېچىپ بەرمىگەن بولسا، ئاۋئاتسىيە كەسپىنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھىدرومېخانىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات بولمىغان بولسا، ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش قائىدىسىنى ئىگەللەش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنداقتا ئۇچالايدىغان ئايروپىلاننى لايىھەلەش، ياساپ چىقىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى پايدىلانغۇدەك تەجرىبە يوق ئىدى. دەل ئىلىم-پەن تەمىنلىگەن بىلىمنىڭ ياردىمى بىلەنلا، ئاندىن ئۇچالماسلىقتىن ئۇچۇشقا بولغان سەكرەش ئورۇندالدى. گەرچە ئاۋئاتسىيە سانائىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللار، ماتور، ياساش تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ياكى سەل ياخشىلاپلا پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىلىملەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇچالماسلىقتىن ئۇچۇشقا بولغان ئۆزگىرىش تەدرىجىي ئۆزگىرىش بولماستىن، بەلكى سۈپەت ئۆزگىرىشىدۇر.

ئەمەلىيەتتە، يۇقىرى پەن-تېخنىكىلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە، يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم بىر ئاساسىي پەندە بۆسۈش ھاسىل بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە بولغان تونۇشىدا يېڭى سەكرەش پەيدا بولغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن. يۇقىرى سۈرئەتلىك ھاۋا دىنامىكىسى تەتقىقاتىدا بۆسۈش ھاسىل بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئاندىن ئاۋازدىن تېز ئۇچىدىغان ئۇچۇش سايمانلىرى ۋۇجۇدقا كەلدى، ئاندىن

ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسى ۋۇجۇدقا كەلدى؛ قويۇلما ھالەتتىكى فىزىكىدا يېرىم ئۆتكۈزگۈچكە بولغان بۆسۈش خاراكتېرلىك تونۇش ھاسىل بولغاچقىلا، ئاندىن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ سايمانلىرى، چوڭ كۆلەملىك ھەمدە دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكتر يولى، بۈگۈنكى ئۇچۇر كەسپى پەيدا بولدى. ئەگەر قويۇلما ھالەتتىكى فىزىكىدا لازېر نۇرغا بولغان بۆسۈش خاراكتېرلىك تونۇش ھاسىل بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى لازېر نۇر تېخنىكىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ سۈنئىي پارچىلاش تېخنىكىسى كەشىپ قىلىنمىغان بولسا، بۈگۈنكى يادرو ئېنېرگىيىسىمۇ (ھەمدە ئاتوم بومبىسى بىلەن ۋودورود بومبىسىمۇ) بولمىغان بولاتتى.

يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسپلىرى شەكىللىنىش جەريانىدا ئاساسىي پەنلەردىكى بۆسۈشكە تايىنىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىمۇ ئاساسىي پەنلەرنىڭ ئىزچىل قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئاۋىئاتسىيە ۋە ئالەم قاتنىشى تېخنىكىلىرىنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى مېخانىكىنىڭ داۋاملىق تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ. كۆپ قېتىم ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئالەم ئايروپىلانىنى، ئاۋازدىن تېز ئۇچىدىغان چوڭ تىپتىكى خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلانىنى ھەمدە باشقا يېڭى ئۇچۇش سايمانلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىش ئۈچۈن، مېخانىكىغا نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر قويۇلدى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، يۇقىرىقى نىشانغا يەتكىلى بولمايدۇ. توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكتر يولىنىڭ توپلاشتۇرۇلۇش دەرىجىسى ئۇنىڭ ئاخىرقى چېكىگە قەدەممۇقەدەم يېقىنلاشماقتا، ھېسابلاش ماشىنىسى ئىقتىدارىنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى فىزىكا ئىلمىدىكى يېڭى بۆسۈشنى كۈتمەكتە. ئىنېرتسىيىلىك چەكلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق كونترول قىلغىلى بولىدىغان ئىسسىق يادرو رېئاكسىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن پۈتمەس-تۈگىمەس پاكىز ئېنېرگىيىگە ئېرىشىشتە، لازېر نۇر سايمىنىنىڭ ئېنېرگىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن باشقا، يەنە فىزىكا جەھەتتىن يۇقىرى ھارارەت، يۇقىرى زىچلىقتىكى پلازما جىسىملارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ھازىر دەسلەپكى چاغدىكى مۆلچەردە ئېھتىياجلىق دەپ قارالغان ھارارەت ۋە زىچلىق ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، ”ئوت تۇتاشتۇرۇش“ يەنىلا ئەمەلگە ئاشمىدى.

ئەلۋەتتە، يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسپلىرى يەنە ئۇنىۋېرساللىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان كەسپلەر بولۇپ، كۆپ خىل پەن-تېخنىكىلارنىڭ قوللىشىغا موھتاج. ئاۋىئاتسىيە، ئالەم قاتنىشى كەسپلىرى ئاز دېگەندىمۇ مېخانىكا، ماتېرىيال ئىلمى، مېخانىزم، ئاپتوماتلىشىش، ئېلېكترون، يېقىلغۇ ئىلمى قاتارلىق پەنلەرنىڭ قوللىشىغا موھتاج، ئۇچۇر كەسپى ئاز دېگەندىمۇ فىزىكا، ماتېرىيال ئىلمى، نازۇك مېخانىزم، ئاپتوماتىك كونترول، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرنىڭ قوللىشىغا موھتاج، يادرو ئېنېرگىيىسى كەسپى ئاز

دېگەندىمۇ فىزىكا، مېخانىكا، خىمىيە، ماتېرىيال ئىلمى، ئاپتوماتلىشىش، ئەسۋاب ئىلمى قاتارلىق پەنلەرنىڭ قوللىشىغا موھتاج. شۇڭا يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسپلىرىنىڭ بىلىمنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسپلەر بولۇشى مۇقەررەر.

لېكىن، بىلىمنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسپلەر يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسپلىرى بولۇشى ناتايىن. يۇقىرىدا كۆرستىلگەندەك، يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسپلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار مەلۇم بىر ئاساسىي پەندە زور بۆسۈش ھاسىل بولغان ئاساستا بەرپا قىلىنغان بولۇپ، سەكرەش شەكلىدە پەيدا بولغان. بۇ ئالاھىدىلىك ئارقىدا قالغان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە يېتىشۋېلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشتە ئەنئەنىۋى كەسپلەردىكىدەك يېتىشۋېلىش، ئېشىپ كېتىش شەكلىنى قوللىنىشقا بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئەنئەنىۋى كەسپلەردىكى پەن-تېخنىكا تەرەككىي تەدرىجىي ھالدا كۆپەيگەن بولغاچقا، بۇ خىلدىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى ۋە تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈشتە، ئومۇمەن بەك چوڭ توسالغۇلار بولمايدۇ(ئەلۋەتتە ئەڭ ئىلغارلىرىنى كىرگۈزۈشتە بىرئاز قىيىنچىلىقلار بولۇشى مۇمكىن)، كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ھەزىم قىلىپ قوبۇل قىلىشتىمۇ ئومۇمەن بەك چوڭ قىيىنچىلىقلار بولمايدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، ئۆتكەن ئەسىردە گېرمانىيىنىڭ ئەنگلىيىگە يېتىشۋېلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئامېرىكىنىڭ گېرمانىيىگە يېتىشۋېلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشى بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق بولغان. شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، يۇقىرى پەن-تېخنىكىغا ئائىت ئىلىم-پەن بىلىملىرى سەكرەش خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ئۇنى تېخنىكا ۋە كەسپكە ئايلاندۇرۇشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى. ھەرقايسى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئۇشۇقچە پايدا ئېلىش مەقستى بىلەن ئىلغار پەن-تېخنىكىغا بولغان مونوپوللۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىدۇ، ئەلۋەتتە بۇنىڭدا دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇش ئامىلىمۇ بار. شۇڭا، يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسپلىرىگە ئائىت ئۈسكۈنە ۋە تېخنىكىلارنى بولۇپمۇ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈش ئەنئەنىۋى كەسپلەرگە ئائىت ئۈسكۈنە ۋە تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈشكە قارىغاندا كۆپ قىيىن بولىدۇ، كىرگۈزگەندىن كېيىن ھەزىم قىلىپ قوبۇل قىلىشمۇ كۆپ قىيىن بولىدۇ. مەسىلەن، بىز باۋشەن پولات-تۆمۈر شىركىتىنىڭكىدەك ئۈسكۈنە ۋە تېخنىكىلارنى كىرگۈزەلەيمىز، لېكىن توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكتر يولىغا دائىر ئۈسكۈنە ۋە تېخنىكىلارنى بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى يادرولۇق تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈشىمىز ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ. بۇ خىل بىلىم ۋە تېخنىكىغا بولغان مونوپوللۇقنى بۇزۇپ تاشلاش تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ئىنتايىن تەس ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن ھېسابلاش ماشىنىسى ساھەسىدە، ئەڭ يادرولۇق تېخنىكا ھېسابلىنىدىغان CUP نى

لايھىلەش، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك يۇمشاق ماتېرىيال تېخنىكىسىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئامېرىكا مونوپول قىلىۋالغان. ياپونىيە، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەر گەرچە توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكتر يولىنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنولوگىيىسى جەھەتتە ئىلغار تېخنىكىلارنى ئىگەللىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىدىغىنى CUP ۋە يۇمشاق ماتېرىيال بولماستىن، ئاساسلىقى ساقلىغۇچتۇر. شۇ سەۋەبلىك ئامېرىكىنىڭ ھېسابلاش ماشىنىسى سانائىتىدىكى پايدا نىسبىتى ياپونىيە ۋە كورىيەنىڭكىدىن 60%—70% يۇقىرى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ياپونىيە ئۆزىنىڭ ئاساسىي پەنلەردە ئامېرىكىدىن ئارقىدا تۇرغانلىقىنىڭ ھالاكەتلىك ئاجىزلىقى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، زور مەبلەغ سېلىپ ئامېرىكىغا يېتىشىۋالماقچى ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ.

بىز چوقۇم سەگەكلىك بىلەن شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسىپلىرى چوقۇم ئىنتايىن زور پايدا ئېلىپ كېلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن پەن-تېخنىكا قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى. لېكىن يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسىپلىرى بار رايون ۋە دۆلەتلەرنىڭ بۇنداق زور ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە بىۋاستە ئېرىشەلىشى ناتايىن. ئاچقۇچى كىمنىڭ پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەمىنلىگەنلىكى، كىمنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغانلىقىدا. مەسىلەن بىز چەت ئەلدىن يۇقىرى پەن-تېخنىكا تەركىبى بولغان بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىلىرىنى كىرگۈزسەك بولىدۇ، ئۇن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا كىرگۈزگەن رەڭلىك تېلېۋىزور ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى دەل مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ (كەلگۈسىدىكى ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان رەڭلىك تېلېۋىزورلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھازىر رەڭلىك تېلېۋىزور تېخنىكىسى يۇقىرى پەن-تېخنىكا ھېسابلانمايدىغان بولدى). لېكىن ئۇنىڭدىن تاپقان زور مىقداردىكى پايدا رەڭلىك تېلېۋىزورنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن چەت ئەل شىركەتلىرى تەرىپىدىن ئېلىۋېلىنىدۇ. يۇقىرى پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىسادىي مەنپەئەت كەلتۈرگەندىن باشقا يەنە دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭمۇ ئېھتىياجى. ئەگەر بۇ ساھەدە تېخنىكىمىز باشقىلارنىڭكىگە يەتمىسە، كۆپ چاغلاردا پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ باشقىلار تەرىپىدىن تاياق يەيمىز. پارس قولتۇقى ئۇرۇشى گەۋدىلىك بىر مىسال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرى پەن-تېخنىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئاساسىي پەننىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلال-مايدۇ، يۇقىرى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئاساسىي پەننىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھازىر ئاساسىي پەنلەردىكى بەزى مەسىلىلەر ”يىرىك پەن“گە ئائىت مەسىلىلەر بولۇپ قالدى، ئۇلار ئىلغار ئەسۋاپ، ئۈسكۈنىلەرگە ئېھتىياج بولماقتا، ھالبۇكى، بۇ ئىلغار ئەسۋاپ، ئۈسكۈنىلەر يۇقىرى پەن-تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. يۇقىرى پەن-تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى بولمىسا، يۇقىرى ئېنېرگىيە

فىزىكىسى تەتقىقاتى ئېھتىياجلىق بولغان تېزلەتكۈچ ۋە سوقۇشتۇرغۇچ قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى ياساپ چىقىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنتايىن تەس، بولۇپمۇ ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە ھېسابلاش تېخنىكىسى ھەر بىر پەننىڭ دېگۈدەك ئايرىلالمايدىغان قورالى ۋە ۋاستىسى بولۇپ قالدى.

يۇقىرى پەن-تېخنىكا ۋە يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسىپلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاساسىي پەنلەرنىڭ تېخىمۇ كۆككۈل بۆلىدىغىنى يېقىن مەزگىلدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەت بولماستىن، بەلكى تەبىئەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئىزدەشتۇر. چوڭ-چوڭ يېڭى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەر كۆپ ھاللاردا ئالدىن بەلگىلىۋالغان نىشانغا ئاساسەن بايقالغان ئەمەس، ئەلۋەتتە ئاساسىي پەن تەتقىقاتىدا نىشاننى ئالدىنئالا بەلگىلىۋېلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مىساللارمۇ يوق ئەمەس. بەزىلەرنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، تەبىئىي پەندىكى زور بايقاشلارنى تەقدىرلەيدىغان نوبېل مۇكاپاتىدا مۇكاپات ئالغان تۈرلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا ئالدىنئالا كونكرېت نىشان بەلگىلەنمىگەنىكەن. يۇقىرى پەن-تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاساسىي پەن تەتقىقاتى كەڭ-كۇشادە مۇھىتنىڭ بولۇشىغا تېخىمۇ موھتاج. ئاساسىي پەن تەتقىقاتىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ ئادەتتە يۇقىرى پەن-تېخنىكىغا سېلىنىدىغان مەبلەغدىن خېلىلا ئاز، بىردىنلا بۆسۈش بولغاندا ئۇنىڭ ۋاستىلىك ئۈنۈمى غايەت زور بولىدۇ. نۆۋەتتە يېرىم ئۆتكۈزگۈچنى ئاساس قىلغان كەسىپلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۆلىمى يېرىم ئۆتكۈزگۈچنى بايقاشقا كەتكەن خىراجەتتىن مىڭ، ئون مىڭ ھەسسە كۆپ! گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، رېئاللىقتا ئاساسىي پەن تەتقىقاتىنىڭ قىسقا مەزگىل ئىچىدە بىۋاستە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىپ كېلەلىشى ناتايىن بولغاچقا، ئۇنىڭغا كۆپ چاغلاردا تېگىشلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت ۋە مەدەت بېرىلمەيۋاتىدۇ. بۇنداق قىلىش يىراقنى كۆرەلمىگەنلىكتۇر. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، ئاساسىي پەن تەتقىقاتىدا بۆسۈش ھاسىل بولمىسا، يۇقىرى پەن-تېخنىكىنىڭ يېڭى ئۆسۈش نۇقتىسى شەكىللەنمەيدۇ. ئاساسىي پەننىڭ تەرەققىياتى يۆلەپ تۇرمىسا، يۇقىرى پەن-تېخنىكىنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە تەرەققىي قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسىپلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنىڭ ئوخشىماسلىقى بۇ ئىككىسىنىڭ ئاساسىي پەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭمۇ ئوخشىمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بۇ نۇقتىنى كۆرۈپ يېتەلمەسلىك تەدبىرنىڭ خاتالىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، ئۇزاق كەلگۈسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يۇقىرى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بەزىبىر ئاساسىي پەن تەتقىقات تۈرلىرىمۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدە مەلۇم بىر ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدىكى ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى 1923-يىلدىكى گۈمبۈرلىگەن چوڭ يەر تەۋرىشى ھەمدە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا

قوشۇننىڭ بومباردىمان قىلىشى سەۋەبلىك ئىككى قېتىم ۋەيران بولۇپ قايتا قۇرۇلغان. ياپونىيە يەر تەۋرەش كۆپ يۈز بېرىدىغان دۆلەت بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئىزچىل ھالدا كۆپ قەۋەتلىك بىنا سېلىشقا يول قويۇلماي كەلگەنىدى. كېيىن مېخانىكا تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى بۇ خىل كۆزقاراشنى ئۆزگەرتتى. ھازىر توكيو شەھىرىدە ئېگىز بىنالار قويۇق ئورماندەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۆي-زېمىنىنىڭ قىممىتى بولسا تىرليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. كىشلەرنىڭ كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىدىغان بۇ تەتقىقاتلار بولمىغان بولسا، مۇنداق چوڭ كەسىپنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە نېفىت قېزىشنى مىسالغا ئالساق، ئادەتتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۆزلۈكىدىن ئېتىپ چىقىرىش، تارتىپ چىقىرىش، سۇ قۇيۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن پەقەت زاپاس مىقدارىنىڭ 35 پىرسەنتىنىلا ئالغىلى بولىدۇ. كۆپ تۆشۈكلۈك ۋاستىدىكى ماي، گاز، سۇنىڭ ئوخشىمىغان فىزىكىلىق، خىمىيىلىك شارائىت ئاستىدىكى ئېقىش قانۇنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار (مىكرولۇق سىرغىپ ئېقىش مېخانىكىسىنىڭ تەتقىقات ساھەسىگە تەۋە) ئارقىلىق ھازىر مۇئەييەن فىزىكىلىق، خىمىيىلىك خاراكتېردىكى سۇيۇقلۇقلارنى قۇيۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق نېفىت زاپاسىنى % 10 ئارتۇق ئالغىلى بولىدىغان بولدى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئاساسىي پەنلەرنىڭ بەزىبىر تەتقىقات نەتىجىسى ئوخشاشلا غايەت زور ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

ئاساسىي پەن تەتقىقاتىنىڭ زور نەتىجىلىرى كۆپ چاغلاردا كىشلەرنىڭ ماددىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىپ، بەزىبىر ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇ-رىدۇ. ئەگەر ھاۋا دىنامىكا تەتقىقاتىدا بۆسۈش ھاسىل بولمىغان بولسا، پەيدىنمۇ يەڭگىل ھاۋانىڭ ئۈچ يۈز نەچچە توننا ئېغىرلىقتىكى ”بويىن 747“ تىپلىق ئايروپىلاننى كۆتۈرەلەيدىغانلىقىنى كىم تەسەۋۋۇر قىلالايتتى! بەزىبىر ئاساسىي پەن تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ھەمىشە باشقا پەن ساھەلىرىگە ئىشلىتىشكە بولىدۇ ھەمدە مۇھىم تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بۇ جەريان ئادەتتە ماتېماتىكا ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، چۈنكى ئوخشىمىغان ساھەنىڭ قانۇنىيىتى كۆپىنچە ئوخشاش بىر ماتېماتىكىلىق قورال بىلەن ئوخشاش بولغان ياكى ئوخشاپ كەتكەن شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۆتكەن ئەسىردە بايقالغان سۇنىڭ يەككە دولقۇنى ئۈستىدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن (مېخانىكا ساھەسى) نۇرغۇن دولقۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھادىسىلەر بايقالدى. ھازىر يورۇقلۇق دولقۇنىدىكى يەككە دولقۇن (يورۇقلۇق يايى دېيىلىدۇ) ئوپتىك ئالاقىسىنىڭ ئۇل تېشىغا ئايلاندى، يەككە دولقۇننىڭ بولسا مېخانىكا مەسىلىسىدە ئەكسىچە بۇنداق چوڭ ئىشلىتىش قىممىتى يوق. مېخانىكا مەسىلىسىدە (ئەمەلىيەتتە مېتېئورولوگىيىدىكى مېخانىكا مەسىلىسى) بايقالغان مۇجمەللىك ھادىسىسى كىشى-

لەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمەكتە، بۇ مېخانىك ماتېرىيالىزمغا بولغان زور زەربە. بۇنىڭ ئارقىسىدا، مېخانىك ماتېرىيالىزم پەلسەپە ساھەسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ماددا ھەرىكىتى ساھەسىدىمۇ تۈپتىن تەۋرىتىلدى. مۇجمەللىك نەزەرىيىسى كونتروللۇق مەسىلىسىدە قوللىنىلىدىغان بولدى.

ئاساسىي پەنلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ باقمىغان ئەمەس. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىتتىپاقداش ئارمىيىلەر بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ماتېماتىكلارنى يىغىپ دۈشمەن تەرەپنىڭ ئالاقە شىفىرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرغانىدى، بۇ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇنىڭدا ئۇلار سان نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇنداق ”ساپ“ ماتېماتىكىلىق قورالدىن پايدىلانغان.

ماتارىپتا ئاساسىي پەنگە كۆڭۈل بۆلۈش كىشىلەرنىڭ ئىلىم-پەن سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق، يىراقنى كۆزلىگەندە پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا تېخىمۇ پايدىلىق. يۇقىرى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، كەم دېگەندىمۇ ئۇنىڭ مەلۇم ساھەلىرىنىڭ تەرەققىياتى، مەسىلەن ئاپتوماتلىشىش ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشى ئىشسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرامدۇ-يوق دېگەن مەسىلە كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىر مەسىلىدۇر، بەزىلەر ھەتتا، ئاپتوماتلىشىش تېخنىكىسىنى ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىغا ”بەك ئالدىراپ“ قويماسلىق كېرەك، دەپ قارىماقتا. شۇنىمۇ كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئاپتوماتلىشىش ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى نۇرغۇن جەھەتتە ئادەتتىكى ئادەم كۈچىگە بولغان ئېھتىياجنى ئازايتىدۇ، لېكىن ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە نۇرغۇن يېڭى خىزمەت ئورنىنى كۆپەيتىدۇ. ئاپتوماتلىشىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېڭى ئۈسكۈنە، يېڭى ئەسۋاپلار بولۇشى كېرەك، بۇنىڭ ئۆزى يېڭى كەسىپنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. گەپ شۇ يەردىكى، بۇ يېڭى كەسىپلەر ئۆزىدىكى خادىملارنىڭ يېڭى بىلىم ۋە قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشىنى، شۇنداقلا رەھبەرلىكنىڭ خىزمەتتىكى خادىملارنىڭ قايتا تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھازىرقى ئاپتوماتلىشىش ۋە ئۇچۇرلىشىش سەۋىيىسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى سەۋىيىسىدىن كۆپ يۇقىرى بولغان ئامېرىكىنى مىسالغا ئالساق، گەرچە پۈتۈن ئامېرىكىنىڭ نوپۇسى ئۇ چاغدىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىشسىزلىشىش نىسبىتى ئۇ چاغدىكى سەۋىيىدىن تۆۋەن. بۇ پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى نۇرغۇن يېڭى كەسىپلەرنى كۆپەيتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئامېرىكا ماائارىپىنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قايتا تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى چۈشەندۈر-دۇ، ئۇلارنىڭ ”كۆپ تەرەپلىمە قابىلىيەتلىك ئادەم تەربىيىلەش“ كۆزقارىشى (يەنى ماائارىپتا بولۇپمۇ ئالىي

مائارىپتا كەسپىي پەنلەرگە قارىغاندا ئاساسىي پەنلەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش) كىشىلەرنىڭ يېڭى خىزمەتكە كۆنۈش ئىقتىدارىنى خېلى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئەكسىچە، دۆلىتىمىزدە مائارىپ ئومۇملاشمىغاندىن سىرت، ئالىي مائارىپتا تېخنىكا پەنلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى تا ھازىرغىچە بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆگىنىۋالغان ئەڭ ئاخىرقى مەھسۇلاتنى تۇتقا قىلىشتىن ئىبارەت تەربىيىلەش ئەندىزىسىدىن قۇتۇلغىنى يوق، مەسىلەن ماشىنىسازلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ماشىنىسازلىق كەسپىنى تەسىس قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەرقانداق بىر كەسىپ مەيلى ئۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسپى بولسۇن ياكى ئەنئەنىۋى كەسىپ بولسۇن، كۆپ خىل پەن ۋە باشقا كەسىپلەرنىڭ قوللىشىغا موھتاج بولىدۇ، بىر ئادەمنىڭ ھەممە بىلىملەرنى ئىگەللەپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ھېلىقىدەك مەھسۇلاتنى تۇتقا قىلىدىغان تەربىيىلەش ئەندىزىسى ئادەمنىڭ ئوي-پىكرىنى بوغۇپ قويىدۇ، ئۇ يېڭى كەسىپنىڭ شەكىللىنىشىگە پايدىسىز. يېڭى كەسىپنىڭ شەكىللىنىشى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي سانائەتتىن باشقا ھەممە ساھەلەردە دېگۈدەك غەربتىن ئارقىدا قالغانلىقى مۇشۇ يولنى تۇتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شەخس ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، يۇقىرىقى تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ يېڭى كەسىپكە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆز خىزمىتىنىڭ خاراكتېرىنى تەڭشىشىگە پايدىسىز.

ئومۇملاشتۇرغاندا، يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلەن ئاساسىي پەن ئايرىلماس ئىككى قىسىم. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسال پەن-تېخنىكا بولۇپ، بىرلا پەننىڭ قوللىشى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرى سۈپەتلىك ئادەملەر تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىشلەپچىقىرىشقا ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىش ئىشلەپچىقارغۇچىلاردا تېخىمۇ ئەتراپلىق، ئەقلىگە مۇۋاپىق بىلىم قورۇلمىسىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇڭا تەربىيە ۋە قايتا تەربىيىنىڭ رولىنى بوش چاغلاشقا بولمايدۇ. ئاساسىي پەننىڭ تەرەققىياتى ۋە ئاساسىي پەن تەربىيىسى ئادەمنىڭ پەن-تېخنىكا ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. رەھبەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەم مۇھىم نۇقتىسى بولغان، ھەم پەن-تېخنىكىنى بىرقەدەر تەڭكەش تەرەققىي قىلدۇرىدىغان سىياسەتنى بەلگىلەپ چىقىش ئۈچۈن چوقۇم پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە يۈنىلىشى توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق تونۇشقا ئىگە بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مائارىپقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا، جۇڭگو ئاندىن 21-ئەسىردە دۇنيادا ئۆز ئورنىغا ئىگە بولالايدۇ.

(ئاپتور: جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسو-
رى)

تەرجىمە قىلغۇچى: كامىلجان تۇرسۇن

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

ISSN 1006-5857

12>

9 771006 585006

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5—V 刊号:ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号:2—373 定价:1.80元 邮政编码 100013